شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

# مۇنبەر

## شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

## 新疆社科论坛

## TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG

6

2001

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەفكارى

قوش ئايلىق ھەممىباب ئىلمىي ژۇرنال 2001 - يىلى 6 - سان ئومۇمىي 54 - سان

## بۇ ساندا

ئۆزلىكنى بايقاش........................................ ئىسلامجان شېرىپ 1

ئىقتىساد، ئىگىلىك، سودا

ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۆزنىكىدە—لوپنۇر......سەھىپىمىزنىڭ رىياسەتچىسى يۇسۇپجان ئابدۇرېيىم 12

سەھرادا نېمە كەم.......................................ھۈسەيىن ئاۋۇت 18

كىلاسسىك ئەسەر، مۇزىكا

ئەلشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىق سۆھبەت..............غەيرەتجان ئوسمان 26

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدىكى دۇنياۋى خاراكتېر ..................ئەھمەد ئابدۇراخمان 34

ئىلمىي ئېقىملار

ھەقىقەت ۋە تەسەۋۋۇف ..........................................يۈسۈپ ھۈسەيىن 42

مەدەنىيەت، مائارىپ

ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىكلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى.......................ئابدۇللا سۇلايمان 51

قامۇسچاق

دىن قارشىلىشىشىدىكى دۆلەت ..........................................چېيەن چىڭدەن 56

قېرىش ۋە ئۆلۈشنىڭ سىرى..........................................پەن چېڭ 62

باش مۇھەررىر: بەختىيار سايىتوف
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ۋە بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسلامجان شېرىپ
مەسئۇل كوررېكتور: مەرۇپ مەمتىمىن

غەيرەتجان ئوسمان

# ئۆزلىكنى بايقاش (1)

ئىسلامجان شېرىپ

## 1. ۋۇجۇدىمىزدىكى سىرلىق كۈچ

يېڭى ئەسىردە نېمىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدىغانلىقى ھەققىدە ئويلاپ كۆردىڭىزمۇ؟ جاھان ئەھلىنىڭ ھۆكمى شۇكى، بىلىم ئىگىلىكى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىدۇ، بىلىم ئىگىلىكى بولغان ئىكەن، ئەقىل پاراسەت ئۈستۈنلۈكى كىمدە بولسا، شۇ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. ئۇنداق بولسا، ئادەمنى ئەقىل پاراسەت ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە قىلىدىغان ئۇلۇغ كۈچ نېمە؟ ئۇ ئادەمنىڭ دىلىدىكى قانائەتسىزلىك — كامالەت ئىزدەش تەسەۋۋۇرى. شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ غايىۋى چېكى ھەر ئادەم ئۆزى ئۈزلۈكسىز تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غايىسىدىكى شەخسكە ئايلىنىشتۇر. ئەگەر ئادەمدە ئۆزىگە كامالەت ئىزدەيدىغان شۇنداق بىر ئالىي غايە بولسا، ئۇنىڭدىكى جاسارەت ۋە يوشۇرۇن قابىلىيەت ھەرقاچان ئۆزىنى ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىگە ئاشكارىلاش ئۈچۈن ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. بىلىم ئىگىلىكىدە ئۇ ھەر خىل شېرىن چۈشلەرنى كۆرىدۇ. ئەگەر ئۇ شۇنداق بىر غايە بىلەن ئىنتىلىۋاتقان يوشۇرۇن ئىقتىدارنى قازىدىكەن، ئۇنىڭ غەلىبە قىلىشى تەسكە چۈشمەيدۇ. شۇڭا زامان رايى بويىچە ئۇتۇق قازىنىش يولىدىكى ھەربىر ئادەم ئالدى بىلەن ئۆزلىكتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئىشقا سالىدىغان بىر غايە تۇرغۇزۇپ، ئاكتىپ تەسەۋۋۇرلار بىلەن ئىلگىرىلىشى كېرەك. بۇ ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.

ئۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەنە يېڭى ئەسىر ھارپىسىدا يۇرتىمىزدىن ئادىل پەلەك شاھى ئاتلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي جۇرئەت ئوبۇلقاسىم مەملىكەتنى موتسىكلىت بىلەن ئايلىنىپ چىقىپ ئۇتۇق قازاندى. بۇ يىل قەشقەر ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان گۈلزۆھرە تارىختىن بۇيان ئادەم ئۆتەلمىگەن سىرلىق تەكلىماكان قۇملۇقىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن جىنىس رېكورتىنى بۇزغان باتۇرلۇقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن مىڭلىغان ياشلارنىڭ قەلبىدە: «ئۇلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۆجىزە يارىتالىغان ئىكەن، مەن نېمە ئۈچۈن يارىتالمايمەن» دېگەن خىيال پەيدا بولدى ـ دە، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدا زامانىمىزنىڭ زەبەردەست ئادەملىرىدىن بولۇش دولقۇنى باشلاندى. ھەركىم گەرچە باشقا ـ باشقا ئىشلارغا مەپتۇن بولسىمۇ، لېكىن، ئۆزلىكنى بايقاش بويىچە جۇشقۇن بىر كەيپىيات ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىدى. مەيلى ئىلمىي سەپلەردە نادىر ئەسەرلەر تەقدىم قىلىۋاتقانلار بولسۇن، مەيلى نامراتلىق ئالۋاستىسىنى ھەيدەش ئۈچۈن تىجارەت ساھەسىدە باش كۆتۈرۈۋاتقانلار بولسۇن، ياكى سېخىي تەبىئەتنىڭ باغرىدا ئىگىنچىلىك قىلىۋاتقانلار بولسۇن، ئىش قىلىپ يېڭى ئەسىردە مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش، يېڭى ئەسىر تەبىئىتى ـ ئىجادكارلىق روھى بويىچە ئادەمدەك ياشاش ئۈچۈن يېڭى مۇسابىقە قوزغىدى. بۇ دولقۇن نېمە بىلەن قوزغالدى؟ ئۇلاردىكى سىرلىق ئىچكى كۈچ قۇدرىتى بىلەن، ئۆز كۈچىنى جەمئىيەتلەشتۈرگۈچى تەسەۋۋۇرلارنىڭ ياردىمى بىلەن قوزغالدى. نەچچە يىللار ئىلگىرى ئۇلار تېخى بىزنىڭ ئارىمىزدا يۈرگەن ئادەتتىكى ئادەملەر ئىدى. يېڭىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان ھەقىقىي ئىلىم ـ پەن دوكتورلىرىمۇ ئارىمىزدىكى نامى چىقمىغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئۇلار تېزلىكتە جىنىس رېكورتىنى بۇزىدىغان چولپانلارغا ئايلاندى ۋە خەلقىمىزگە ئۈمىد بېغىشلايدىغان دوكتورلار بولۇپ مەيدانغا چىقتى؟ ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدا ئۇخلاپ ياتقان سىرلىق كۈچنى بايقاش، ئىشقا سېلىش تەسەۋۋۇرىدا بىزدىن ئىلگىرىلەپ كەتتى. بىزدە ئۇنداق جاسارەت يوقمۇ؟ بار. ئەمما بىز ئالىيجاناب بىر تەسەۋۋۇر ـ روھنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىمىزدىكى شۇ جاسارەتنى قوزغىتىدىغان مۇھىت ھاسىل

قىلالمىدۇق . تولا گەپ قىلىدۇ ـ قۇ ، بىر ئۇلۇق
ئىشنى ئۆمۈرلۈك غايە قىلىپ تۇرغۇزمىدۇق . ھەر
ئىشقا ھەۋەس قىلدۇق ، لېكىن ئۇنىڭغا جان تىكىپ
بەدەل تۆلىمىدۇق . قۇربىتىمىز يېتىدىغان بىر جە-
ھەتتە ئۇلاردەك چوڭقۇرلاپ كىرمەي ، شاختىن ـ
شاختا قونۇپ يۈردۇق . شۇنىڭ بىلەن بىزدە يوشۇ-
رۇن قابىلىيەتلىرىمىزنى جەۋلان قىلدۇرغىدەك تە-
سەۋۋۇرلار قانات قاقىدىغان مۇھىت ھاسىل بولمى-
دى .

بىز گەرچە مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ ياكى
تۇغما قابىلىيەت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ دېگەن ئىككى
قۇتۇپنىڭ ھېچقايسىسىغا ئۆتمىسەكمۇ ، ئەمما ، ھەر
ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز شارائىتلىرى بويىچە ئوينايدى-
غان رولىنى جەزملەشتۈرۈپ ماڭىمىز . چۈنكى بىر
ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئۇنىڭ تۇغما ئاساسىدىن كې-
لىدۇ ۋە ئۇ ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيدۇ . لېكىن كۆپ
ساندىكى ئادەملەرنىڭ قابىلىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر
يوشۇرۇنغان بولۇپ ، ئۇ قابىلىيەتلەر جەزمەن ئۇ-
نىڭ روھىي دۇنياسىدىكى رىغبەت ۋە تاشقى مۇھىت-
تىكى ئىلھاملاندۇرغۇچى نەرسىلەر تەرىپىدىن قوز-
غىتىلغان ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە ، تەربىيىگە ئىگە بول-
غاندىلا قوزغىلىدۇ ، باش كۆتۈرىدۇ ، مۆجىزىگە
ئايلىنىدۇ . روھىي دۇنيا بولغانغان ، ماددىي جە-
ھەتتىكى نەپسى تەلەپ كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى
ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان ۋە ئۇ ئادەم تاشقى مۇھىت-
نىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى تەربىيىسىگە ئىگە بولالمى-
غان ئەھۋالدا يىلىنگدەپ تۈگىشىپ كېتىدۇ . شۇ-
نىڭ ئۈچۈن ، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قۇربىتى
يەتكەن بىر ئىشنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قابى-
لىيىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان مەنىۋى بىر يولنى
تاللىشى كېرەك . يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ھازىرقى
ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئىچكى
دۇنياسىنى ياخشىلىشى ، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى-
نى ياخشىلاش ئۈچۈن تاشقى دۇنياغا بولغان كۆزقا-
رىشىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك . جەمئىيەت ئۆز قابى-
لىيىتىنى ئېچىشقا ئاتلانغان ئۇ ئادەمگە ئىشىنىشى ،
ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشى ، ئۇنى قەدىرلىشى كېرەك .
بىز تىلغا ئېلىۋاتقان تالانت ئۇنچىلىرى مانا مۇشۇن-
داق ھەر كىم ئۆز قۇربىتى يېتىدىغان بىر ئىشنى
ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن غايە تۇرغۇزغان ، جەمئى-
يەتمۇ ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجى-
سىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئىش قەلبىمىزدە
ئۇخلاپ ياتقان ئاشۇ روھنى ئويغىتىشتا ، ئويغۇ-
تۇشنىڭ ئۇسۇلىنى توغرا تاللاشتا ياغلىق .

پىسخىك تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا ، مانا مۇ-
شۇنداق ئويغىتىلغان ئۇلانما كۆچ ئادەتتە ھېچنېمى-
گە كۆچى يەتمەيدىغان ئادەمنى جىددىي خېيىمخەتەر
يۈز بەرگەن ئەھۋالدا ، مەسىلەن ، سۇ يار كەتكەن-
دە ، ئۆيگە ئوت كەتكەندە ياكى مېھرىبان ئادىمى بىر
پېشكەللىككە يولۇققاندا مۆجىزە يارىتىدىغان پالۋان-
غا ئايلاندۇرىدۇ ، ھەتتا ئورنىدىن تۇرالمايدىغان
كېسەل ياكى ئاجىزلاپ بىر يەرگە يېرىپ قالغان
ئادەممۇ شۇ كۆچ تۈرتكىسىدە «باشقا كەلگەندە با-
تۇر» بولىدۇ ـ دە ، سىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ .
بىز بۇ كۆچكە مۇھىتقا قاراپ ئىختىيارسىز ھالدا
ئېرىشىمىز . بىز بۇ كۆچكە ئېرىشكەن ھامان ئۇ
بىزنىڭ پوزىتسىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى ئۆزگەرتى-
دۇ . بۇ كۆچ يەنە ھەر بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا
بولىدۇكى ، تاشقى دۇنيادا بولمايدۇ . بۇنداق ئې-
كەن ، بىزنىڭ ھەربىرىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا
ئۇخلاپ ياتقان ، بىز تېخىچە ئىشلەتمىگەن يوشۇرۇن
كۆچ بار بولىدۇ . ئەگەر بىز ئۇنى ئېچىپ ئىشقا
سالساق ، شۇ چاغدا بىلىپ قالىمىزكى ، ھەربىرى-
مىز ئۆزىمىزنىڭ شېرىن چۈشلىرىنى رېئاللىققا
ئايلاندۇرالايمىز .

دېمەك ، رىغبەتكە ئېرىشكەن روھ ۋە ياكى ئالى
كىشىلىك ھايات سەيياھلىقىدىكى مەڭگۈلۈك باغ-
دۇركى ، پەقەت ئۇ ئەزگۈلۈك بىلەن قوزغالغاندى-
لا ، ئۇ ئارقىلىق بىز ئەنسىز تەقدىرلەردىن قۇتۇ-
لۇپ ، بەخت ۋە كۆچ قۇۋۋەت بۇلىقىغا يېتىپ بارى-
مىز . ئىنسانلاردىكى ئالىيجاناپ پەزىلەت بىزدىكى
روھ ياكى ئاڭنىڭ ئەنە شۇنداق ئەزگۈلۈك ياقىلاپ
ئۆزلۈكىدىن ئويغۇنۇشى نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلى-
غان ، ئىنسانلار قانچە ئالىيجاناپ بولسا ، بىزدىكى
ئاڭمۇ بارغانسېرى چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي
قىلغان . ئىنسانلاردىكى بۇ مەنىۋى جەريان خۇددى
مۇھەببەتلىك كىشى ئاشىقىنى سېغىنىشتا مەڭگۈ
قانائەت ھاسىل قىلالمىغاندەك تىنجىماستىن ئىلى-
گىرلەيدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى-
نى بايقىشى چەكسىزلىككە قاراپ كېتىۋېرىدۇ ، ئۇ
تاكى نامەلۇم دۇنيانى بىلىپ بولغۇچە ، كىشىلەر
ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى سىرلىق ئوردىلار
(يوشۇرۇن قابىلىيەتلەر ) نى بىلىپ بولغۇچە توخ-
تىمايدۇ . دېمەك ، ئادەم قەلبىدە روھىي تىرەك-

نىڭ- يېڭىچە كۆزقاراشنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئادەم
ۋۇجۇدىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئېچىپ تە-
رەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تەبىئىي قانۇنى . شۇڭا بىز
دەۋرنىڭ تەلىپىدىكى يېڭى قاراشلار بويىچە باشقى-
لارغا مۇئامىلە قىلالايدىغان چىۋەر ئادەملەرگە ئاي-
لىنىش ئۈچۈن ، جەزمەن ئۆزلۈك قارىشى بىلەن
يېتىشىۋاتقان ئادەم بولۇشىمىز ، ۋاقىت ۋە زېھنى-
مىزنى سەرپ قىلىپ پەزىلەت يېتىلدۈرۈشىمىز ،
بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان كۆزقاراش تۇرغۇزۇشى-
مىز كېرەك .

ئارىمىزدىن چىقىپ كەتكەنلەر قەدەم باسقانلارغا
قاراپ باقايلى ، ئۇلارمۇ مۇشكۈل كۈنلەرگە قالى-
دۇ ، تەتۈر پەلەك ئۇلارغا تۆھمەت خەنجەرلىرىنى
ئۇرىدۇ ، ئۇلارنىڭ خەلقى ئالەم بىلىپ تۇرغان تۆھ-
پىلىرىنى يوققا چىقىرىدىغان ئىنكارچىلار بولۇپ
تۇرىدۇ ، پىتنىخور پەسلەر ئۇلارنى ئەرزىمەس ئىش-
لار ۋە يارىماس تىكىنخورلارنىڭ ۋاقىتلىق پايدىسى
ئۈچۈن قۇربان قىلماقچى بولىدۇ ، ئۇلارمۇ ئىقتى-
سادىي جەھەتتە ۋەيران بولىدۇ ، ھەتتا خوتۇن - بالا
چاقىسىدىن ئايرىلىدۇ ، لېكىن ، ئۇلار ئۆزىنىڭ
ھايات بولىقى — ئىچكى كۈچىنى ئۇرغۇتىدىغان
روھىي تىرەككە ، يېڭى كۆزقاراشقا ئىگە . ئۇلار
ھايات سەپىرىدە بېشىغا قانچە ئېغىر كۈنلەر كەل-
سۇن ، پاراسەت نىشانى ئېنىق بولغان غايىسى بويى-
چە يېڭى تاللاش ئېلىپ بارىدۇ - دە ، خۇددى ئاپەت
دېڭىزدىن كۆتۈرۈلگەن ئامانلىق ئارىلىغا چىققاندەك
ئۇ بەختسىزلىكلەرنى يېڭىپ ، جاھاندا پۇت دەس-
سەپ تۇرىدىغان يەنە بىر يەرنى تاپىدۇ ، ئىلگىرىلەي-
دۇ ، چاكىنا ئادەملەردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ . مۇشۇن-
داق ئادەملەر يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىزنى ئېچىشتا
بىزگە ئۈلگە ئەمەسمۇ ؟

ئەگەر ئۈلگە دېسەك ، ئۇلار بىزگە نېمە بىلەن
ئۈلگە بولدى ؟ ھەق ، ئادالەتكە ، بىلىم كامالەتكە
بولغان ئىنتىلىش روھى بىلەن ، توسالغۇلار بىلەن
ئېلىشىش جاسارىتى بىلەن ، بۈيۈك ئادەم بولۇش
ئىشەنچىسى بىلەن ئۈلگە بولدى . ئىنسانلاردا قانداق
ئۆزگىرىشلەر بولسۇن ، ئۇلار رەزىللىك مەغلۇپ
بولۇپ ، ئالىيجاناپلىقنىڭ غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا
ئىشەندى . ئۇلارنىڭ نۇرلۇق سىماسى ئەنە شۇ ئادا-
لەتكە ، كامالەتكە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان پاكلىق كۈ-
چى بىلەن قەد كۆتۈردى . ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا
سەپسالايلى ، بىزنىڭ جىسمانىيىتىمىزنى ھەرقاچان
ئۆزلۈكىدىن يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ھۈجەيرىلەر ھا-
سىل قىلىدۇ . بۇ ھۈجەيرىلەرنىڭ بىزنىڭ بەدىنى-
مىزنى ھاسىل قىلىشى زادىلا توختىماي داۋام قى-
لىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللا قانداق يېرىمىز يارا
بولسا ، تېگىپ قويغا ھامان ئۆزلۈكىدىن ساقىيىشقا
قاراپ ماڭىدۇ . بۇنىڭ بىلەن بەدىنىمىزدىكى ھايا-
تىي كۈچ ئەسلىگە كېلىپ تۇرىدۇ . مانا بۇ يوشۇ-
رۇن جىسمانىي كۈچنىڭ بەدەننى ئۆزلۈكىدىن ئى-
جاد قىلىپ مېڭىشىدۇر . ناۋادا بىزنىڭ روھى دۇن-
يايىمىزدىمۇ مۇشۇنداق ئۆزلۈكسىز ئىجاد قىلىپ
ماڭىدىغان مەنىۋى تىرەك بولسا ، ئىدىيىمىزنىڭ
ئېزىتقۇ سەپسەتىلەر بىلەن بۇلغانغان جايلىرى ئۆز-
لۈكسىز تازىلىنىپ ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەل-
تۈرەلەيدۇ - دە ، بىز ھەرقاچان يوشۇرۇن قابىلى-
يىتىمىزنى جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتىن تەك
ئاچالايدىغان تەبىئىيلىككە ئىگە بولىمىز . ئۇلۇغ-
لۇق مانا مۇشۇ ئىككىسىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇ-
شىدىن كېلىپ چىقىدۇ .

نۇرغۇن ئادەملەر ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر قات-
لىمىدىكى مۇشۇنداق توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان
ھايات بۇلىقىنى ئىزدەپ تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلا-
رنىڭ ھاياتىي مەنىۋى جەھەتتە گاداي ، ماددىي جە-
ھەتتە قەھەتچىلىك بىلەن ئۆتىدۇ . شۇڭا ، بىز ئال-
دى بىلەن بۈيۈك ئادەملەرگە ئايلىنىش ، يېڭى ئە-
سىردە تاشلاندۇق بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن يوشۇ-
رۇن قابىلىيىتىمىزنى ئېچىش بويىچە غايە تۇرغۇ-
زۇپ ، ئۆز قەلبىمىزنى ئوبدان قولاق سېلىپ تىڭ-
شاپ بېقىشىمىز ، يۈرىكىمىزنى سىلاپ يۈرەك دول-
قۇنىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى تاۋۇشلارنى
ئاڭلاپ بېقىشىمىز ، يۈرىكىمىزدە بىزنى ئەزىمەت-
لەرگە ئايلاندۇرىدىغان ھايات بۇلىقى ئېقىۋاتامدۇ
ياكى چاكىنىلارغا ئايلاندۇرىدىغان نەپسى شەيتان
ۋەسۋەسىسى ئېقىۋاتامدۇ بىلىپ بېقىشىمىز كې-
رەك . ئەگەر بىز قەلبىمىزنىڭ يۈزەكى دولقۇنلى-
رىدىن تېگىشلىك جاۋابقا ئىگە بولالمىساق ، ئۇنى
جانابىي ھەق روھىي بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ قې-
زىپ ، ئاستا - ئاستا تاۋلىنىپ روھىي دۇنيانىڭ
چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى سېھرىي كۈچنى تېپىشى-
مىز كېرەك .

قەدىرلىك دوستلار ، ھەر بىرىمىزنىڭ تۇرۇ-
ۋاتقان ئورنىدا ، قىلىۋاتقان ئىشىدا ، ھەتتا ئائىلە
تۇرمۇشىدا تۈرلۈك بېسىملار بار . بىزنى يېڭىلگۈ-

www.uyghurkitap.com



چى قىلىپ قويۇۋاتقان نەرسە يالغۇز شۇ بىسىملار ئەمەس، بەلكى بىسىملارغا قارشى كۈرەش قىلىش قورقۇمسىزلىقىنىڭ كەملىكىدۇر. چۈنكى بىزگە بىسىم ھاسىل قىلىۋاتقان غەم ـ قايغۇ، يوقسۇزلۇق، ۋىجدانسىزلارنىڭ پىتنىخورلۇقى، ئىككى يۈزلىمە مۇناپىقلارنىڭ تۆھمەت ئوقلىرى . . . بولسىمۇ، بۇنداق بىسىملار ئۇلۇغ ئىرادىلىك ئادەملەر ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى بىزنىڭ ئەنە شۇنداق بىسىملارنىڭ ۋاقىتلىق قىيناشلىرىغا باش ئىگىشىمىزدۇر. چۈنكى ھەر كىم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى يارىتىدۇ. ھەربىر خەلقمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم ۋە خەلق ئۆز تەقدىرىگە خوجايىن بولۇش ئۈچۈن تەقدىرگە مۇسابىقە ئېلان قىلىش شەرت بولىدۇكى، ئۇنىڭ تەتۈر پەلەكلىرىگە ئىتائەتمەنلىك بىلدۈرۈپ قول باغلاپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىدە ئۇتۇق قازىنىپ داڭق چىقارغان ئادەم ۋە مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى سان ساناقسىز بىسىملارنى يېڭىپ ئۆتكەن. ھازىرمۇ ھەممە ئادەم مىللەت يەنە شۇنداق بىسىملار ئاستىدا تۇرىمىز. بۇ ئىنسانچىلىق ھاياتىنىڭ تەبىئىي شەرتىدۇر.

لېكىن، بۇ بىسىملار شۇ ئادەم ۋە مىللەتلەرنىڭ ئاللا قانداق ئىشلارنى باشقىلاردىن كۆپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ھاسىل بولماي، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقا قاراتقان كۆزقاراش ۋە ئۇسۇلىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ھەربىرىمىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى بىسىمنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىمىز ئۇ بىسىملارغا ئوخشۇشلۇق تاقابىل تۇرۇش تۇرالماسلىقىمىزنى بەلگىلەيدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، بىسىمغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمىگەن ئادەم ۋە ئادەملەر توپى بۇرۇن تۈگىشىپ كېتىدۇ. بىخۇدلۇق بىلەن قاراپ تۇرغانلار بولسا تېخىمۇ بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا تۇرمۇشنىڭ بىسىمىنى بىر تەرەپ قىلىشتا «ئەتە ئۆلىمەن دەپ ئىبادەت قىل، يەنە مىڭ ياشايمەن دەپ تاپاۋەت» دېگەن كالامى ھېكمەت ئېتىراپ قىلىنغان.

دېمەك، تۇرمۇشتا ھەرقانداق ئادەمگە ۋە مىللەتكە بىسىم پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ تۇرمۇشتىكى مۇتلەقلىق بولۇپ، ئەگەر تەقدىرگە بار دېيىلسە، بىز تۇرمۇشنىڭ تەبىئەت تەرتىپىدىكى مانا مۇشۇنداق قىيىنچىلىق، جەبرى ـ جاپا، روھىي بىسىملار ئاستىدا تۇرىمىز. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇشۇنداق بىسىملار ئىرادىمىزنى تاۋلاپ ئۇتۇق قازىنىدىغان كېلەچىكىمىزنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزلىرى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، بىز تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك بىسىم ۋە ئىلاھىي قىسمەتتەك تۇيۇلۇۋاتقان جەبرى ـ جاپالاردىن ۋايسىماي، ئۇنى يېڭىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئىرادىگە كېلىشىمىز كېرەك. كۆز ئالدىمىزدىكى ئادىمى مەۋجۇتلۇقىمىز ئۈچۈن، زامان تەلەپلىرى بويىچە تەپەككۇر ۋە ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ، قۇتۇلۇپ كېتىشكە بولىدىغان بىسىملاردىن ئىمكانقەدەر قۇتۇلۇپ كېتىشىمىز، بىر مەھەل قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىسىملارغا ساغلام ئۇسۇللار بىلەن تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ھەرقانداق بىسىم بىزنى بىر مۇشت بىلەن يەرگە دومىلىتىپ، ئۇتۇق قازىنىدىغان پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قىلىۋېتەلمەيدۇ. چۈنكى، بىسىمنى يېڭىپ ئۇتۇق قازىنىش تەبىئىيلىك، تەييارغا ھەييار بولۇش ۋاقىتلىق سۇنئىي ھادىسىدۇر. تۇرمۇشنىڭ بۇ رىتىمىدە بىسىملارغا قانچە كۆپ ئۇچرىغان، ئەمما، ئۇنى توغرا تەپەككۇر ۋە زامانىۋى ئادەت بويىچە يېڭىپ كېتەلەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئۇنى كۆتۈرۈش كۈچى، يېڭىش قابىلىيىتى، ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشۇش ئىمكانىيىتى شۇنچە زور بولىدۇ. بۇنداق بولغان ئىكەن، بىزدە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئېچىش ئارقىلىق بىسىملارنى يېڭىپ كۆككە كۆتۈرۈلىدىغان لاچىن بولۇش ئىرادىسى بولسىلا، كۆز تىككەن ئىشلىرىمىزغا چوقۇم يېتىمىز، كېلەچەكتە بولسا زامانىمىزدىكى ئۇتۇق قازىنىۋاتقان گىگانت ئادەملەردەك بولۇپ قالىمىز. بېشىمىزدىكى كۈن كېلەچەكتىكى بەختىمىزمۇ تېخى، ئۇنى كىم بىلىدۇ. شۇڭا، تېخىمۇ ئۈمىدلىكرەك بولايلى، ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى، ئۆزىمىزگە ئىشىنەيلى، ئۆزىمىزگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلايلى، تېخىمۇ جاسارەتلىك بولايلى.

## 2 . سىرلىق كۈچ كۆرۈنۈشلىرى

بىر بۈركۈتنىڭ ئۆزىنى دەسلەپ توخۇ چاغلاپ، كېيىن بۈركۈتلۈكىنى كۆرسەتكەنلىكى ھەققىدىكى مەسەلنى ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ بىر مەسەلدە ئېيتىلىشىچە: تەۋەككۈل قىلىشقا ئامراق بىر بالا كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادىسىنىڭ توخۇ فېرمىسى يېنىدىكى تاغقا چىققاندا بۈركۈت ئۇۋىسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ ئۇۋىدىن بۈركۈت تۇخۇمىنى ئېلىپ توخۇ

تۇخۇمى بىلەن بىرلىكتە مىكىيانغا باسقۇزۇپتۇ ، ئۇ تۇغۇلۇپ توخۇ چۈجىلىرى بىلەن بىللە چوڭ بوپتۇ .

لېكىن ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۈركۈت چۈجىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن . دەسلەپتە ئۇ چۈجىلەر بىلەن بىللە ياشىغىنىدىن تولىمۇ قانائەتلىنىپتۇ ، لېكىن ، بارا ـ بارا چوڭ بولۇپتۇ ـ دە ، ئۇنىڭدا ، غەلىتە بىئاراملىق ، ئەنسىزلىك ھاسىل بوپتۇ . ئۇ بەزىدە : «مەن چوقۇم توخۇ چۈجىسى ئەمەس !» دەپ ئويلايدىكەن ، لېكىن ھېچقانداق ھەرىكەت قوللانمايدىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە قالتىس چوڭ بىر بۈركۈت توخۇ فېرمىسىنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپتۇ ، شۇ چاغدا بۈركۈت چۈجىسى ئۆزىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپتۇ ـ دە ، قاناتلىرىدىكى ئاجايىپ كۈچنى ھېس قىلىپتۇ ، بېشىنى كۆتۈرۈپ بۈركۈتكە قاراپتۇ ۋە : «توخۇ فېرمىسى مەن تۇرىدىغان جاي ئەمەسكەن ، كۆكتە پەرۋاز قىلىشىم ، تاغۇ ـ تاشلار ئارىسىدىن ماكان تۇتۇشۇم كېرەككەن» دېگەن ئويغا كەپتۇ .

ئۇ ئەزەلدىن ئۇچۇپ باقماپتىكەن ، لېكىن ئۇنىڭ كۈچى ۋە تۇغما ئۇچۇش خىسلىتى بار ئىكەن . شۇنىڭ بىلەن قانىتىنى كېرىپ ئۇچۇپ بىر پاكار تاغنىڭ چوققىسىغا قونۇپتۇ ، ئاخىر كۆكتە پەرۋاز قىلىپتۇ ، ئېگىز تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ بۈيۈكلىكىنى بىلىپتۇ . دەرۋەقە سىز «بۇ ناھايىتى كەلسە بىر ياخشى مەسەلىكەنغۇ ، مەن يا توخۇ ، يا بۈركۈت ئەمەس ، مەن دېگەن ئادەم ئەمەسمۇ ؟ يەنە كېلىپ ئادەتتىكى ئادەم ، شۇڭا ، مەن ئۇنداق قالتىس ئىشلارنى قىلىۋېتەلمەيمەن ، دېيىشىڭىز مۇمكىن . بۇ دەل مەسىلىنىڭ تۈگۈنى . بەلكىم سىز ئەزەلدىن قالتىس ئىشلارنى قىلىشقا بەل باغلىمىغانسىز ، بۇ ئەينى ئەھۋال ، لېكىن ، بىز ئاشۇنداق دەپ ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئاۋارە قىلىدىغان كىچىك دائىرە ئىچىگە بەنت قىلىپ قويغان . ھالبۇكى ، ئۆزىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىپادىلىنىپ چىققاندىنمۇ كۆپ تالانت ، جاسارەت ، ئىقتىدار ، قابىلىيەت بولىدىغانلىقىنى بايقاپ ئالالمىغان ، پەن ھازىر بۇ سىرنى ئاچتى . بۇنداق ئىكەن ، سىز ۋە بىز نېمىشقا ئۆزىنى دەسلەپتە توخۇ چاغلىغان بۈركۈتتەك ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى سىرلىق كۈچنى ئىشقا سالمايمىز ؟

مالال كۆرمىسىڭىز بۇ ھەقتە يەنە بىر مىسال كەلتۈرىمىز . ۋەقە ئۈستىدە كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭ كۆرسىتىشىچە : بىر دېھقان ئاشلىق ئامبىرى ئالدىدىكى يېنىك تىپتىكى بىر ئاپتوموبىلنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىزىغا كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇراتتى . ئاپتوموبىلنى ئۇنىڭ 14 ياشلىق ئوغلى ھەيدىگەنىدى . يېشى كىچىك بولغاچقا شوپۇرلۇق كېنىشكىسى ئېلىشقا سالاھىيىتى توشمىغان بۇ ئاپتوموبىل مەستانىسى ئاپتوموبىلنى ھەيدەشنى ئوبدانلا ئۆگىنىپ قالغان ، دېھقان ئۇنىڭ ئاپتوموبىلنى دېھقانچىلىق مەيدانى ئىچىدە ھەيدەشكە يول قويغان ، سىرتتىكى يولدا ھەيدەشكە رۇخسەت قىلمىغانىدى . تۇيۇقسىز ئاپتوموبىل ئازگالغا دومىلاپ كەتتى ، دېھقان چۆچۈپ كەتتى ـ دە ، يۈگۈرگەن پېتى ۋەقە چىققان جايغا باردى . ئۇ ئازگالدا سۇ بارلىقىنى ، ئوغلىنىڭ ئاپتوموبىل ئاستىدا ياتقانلىقىنى ، بېشىنىڭ بىر قىسمى سۇ يۈزىگە چىقىپ قالغانلىقىنى كۆردى . بۇ دېھقان ئۇنچىۋالا ئېگىز ھەم تەمبەل ئەمەس ئىدى . ئۇ ئىككىلەنمەيلا ئازگالغا سەكرەپ چۈشۈپ ئاپتوموبىلنى تېگىدىن تۇتۇپ دەس كۆتۈردى ، ياردەمگە كەلگەن بىر ئىشچى ھوشسىز ياتقان بالىنى ئاپتوموبىل ئاستىدىن تارتىۋالدى . شۇ يەردىكى دوختۇرمۇ تېز يېتىپ كەلدى ۋە ئوغۇلنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن : «تېرىسى ئازراق يارىلىنىپتۇ ، داۋالىساق بولىدىكەن ، باشقا يېرىگە زەخمە يەتمەپتۇ» دېدى . شۇ چاغدا ھېلىقى دېھقان ئۆزىدىن ھەيران قالدى . بايا ئۇ ئاپتوموبىلنى كۆتۈرگەندە ، ئۆزىنىڭ بۇنى كۆتۈرەلىشى ـ كۆتۈرەلمەسلىكى توغرىسىدا قىلچە ئويلانمىدى . ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە يەنە بىر سىناپ كۆرگەندە ئاپتوموبىلنى قىمىرلىتالمىدى . بىرمۇنچە دوختۇرلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ، بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى بىر مۆجىزە بولۇپ ، بەدەندىكى ئىقتىدار جىددىي ئەھۋالغا ئىنكاس بىلدۈرگەندە بۆرەك ئۈستى بېزى نۇرغۇن ئاجراتما ئاجرىتىپ بەدەنگە يەتكۈزۈپ بېرىدىكەن . بۇنىڭدىن ئادەتتىن تاشقىرى قۇۋۋەت ھاسىل بولىدىكەن . شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمنىڭ مېڭىسىمۇ بىر خىل ئىشنى چوڭقۇر ئويلاۋەرگەندە مېڭىدە بىر خىل ماگنىتلىق دولقۇن ھاسىل بولىدىكەن ـ دە ، بۇ چاغدا مېڭە ماگنىتلىق دولقۇنلىرى ئويلاۋاتقان ئادەم ۋە شەيئىلەرنى جەلپ قىلىدىكەن . ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن مۇشۇنداق مۆجىزىلەر ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنىڭ قانچىلىكلىكىگە

www.uyghurkitap.com



بېرىلگەن بىردىنبىر توغرا ئىزاھاتتۇر .

دېمەك ، ئادەمدە ئادەتتە غايەت زور يوشۇرۇن جىسمانىي كۈچ بولىدۇ . بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىزگە يەنە تېخىمۇ مۇھىم پاكىتلارنى ئۇقتۇرىدۇ . دېھقاندا خەۋپلىك جىددىي ئەھۋالدا پەيدا بولغان ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ يالغۇز جىسمانىيەتتىكى ئىنكاس ئەمەس ، ئۇ ئەقىل ـ ئىدراك ۋە روھىي كۈچكە چېتىلىدۇ ، ئۇ ئوغلىنىڭ سۇدا تۇنجۇقۇپ قېلىش ئېھتىمالىنى كۆرگەندە ، ئۇنىڭ ئەس ـ خيالىدىكى ئوغلىنى قۇتقۇزۇش ئىنكاسى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوغلىنى بېسىۋالغان ئاپتوموبىلنى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان ، بۇنىڭدا باشقا ئوي ـ پىكىر بولمىغان ، شۇڭا روھىي ھالەت بۆرەك ئۈستى بېزى ئارقىلىق يوشۇرۇن كۈچنى ئۇرغۇتقان دېيىشكە بولىدۇ . ئەگەر جىددىي ئەھۋال تېخىمۇ زور جىسمانىي كۈچ سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلسا ، روھىي ھالەت تېخىمۇ زور كۈچ قۇۋۋەت پەيدا قىلالىغان بولاتتى . بۇ ئەمەلىيەتتە بىر مۆجىزە ، ھەربىر ئادەمدە مۇشۇنداق مۆجىزە ھاسىل بولۇش ئىمكانىيىتى بار .

سىز شۇنىڭغا ئىشەنچە قىلىڭكى ، ئەگەر سىزدە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بۈركۈت بالىسىدەك توخۇ قېرىنىسىدىن تاغلارغا ئۇچۇپ باققۇدەك جاسارەت بولسا ۋە جانبەدەل ئىشقا چۈشسىلا ، تىراكتورنى كۆتۈرگەن دېھقاندا كۆرۈلگەن مۆجىزە سىزنىڭ باشقا ئەمەلىيەتلىرىڭىزدىمۇ كۆرۈلىدۇ .

ئويلاپ باقمامسىز ؟ پەندە ئېچىپ بېرىلگەن ھەقىقەتلەر بويىچە قارىغاندا ، ئادەتتىكى ئادەملەر ئەقىل بۇلىقىنىڭ 5 ـ 10 پىرسەنتىنى ئىشقا سالغان دەپ قارىلىدۇ . ئېينىشتېيىندەك كاتتا ئالىملار پەقەت 12% نى ئىشقا سالغان . يەنى ئۇ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا ئادەتتىكى ئادەملەردىن پەقەت 2% ئېشىپ كەتكەن . مۇشۇنچىۋالا ئۇلۇغ ئادەم پەقەت 12% ئەقلىنى ئىشقا سالغان تۇرسا ، ئادەمدىكى ئەقىل بايلىقى زادى قانچىلىك ، بۇنىڭ چېكىنى بىلىش تەس . ئەقىل بىلىمگە باتۇرلۇق قىلغان پەزىلەتلىك ئادەمگە بۇ دۇنيانىڭ مۆجىزىلىرىنى تەقدىم قىلىدۇ . سىز قانچە كەڭ تەرەپلەردە ئۇلۇق تەسەۋۋۇرلاردا بولسىڭىز سىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەر شۇ جەھەتتە سىزگە ياردەمدە بولۇۋېرىدۇ .

ھەممىمىزدە ئەنە شۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەت بار . پەرزەنتلىرىمىزدە تېخىمۇ شۇنداق . بىز بۇنى ئادەتتىكى چاغلاردا ھېس قىلالمىساقمۇ ھايات يولىمىزدىكى خېيىمخەتەر ياكى كىرىزىس بىزنى يامان ئەھۋالدا قويغاندا ، ۋۇجۇدىمىزدىن ئاللىقانداق بىر كۈچ ھاسىل بولۇپ بىزنى شۇ ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى بايقايمىز . بىراق ، بىزدە نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان شۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشقا تۈرتكە بولىدىغان ئىلمىي ئاساسلار كەم بولدى ، بىز ھەتتا بىز ئىنسانلارنى شۇنچە ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۈرگەن ئەقىل نېمە ؟ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئۈچۈن ئۇنى قايسى جەھەتلەردىن رىغبەتلەندۈرىمىز ؟ ھەممە ئادەمنىڭ ئەقلى ئوخشاش بولامدۇ ؟ ھەممە ئادەمنىڭ كاللىسى ئوخشاش ياراتىلغان تۇرسا ، ئۇلارنىڭ كاللىسى نېمىشقا ئوخشاش ئىشلىمەيدۇ ؟ قانداق قىلغاندا ئەقىل ئەڭ تېز تەرەققىي قىلىدۇ دېگەندەك مەسىلىلەردىمۇ ئەقىل ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن ئىلمىي قاراشلارغا ئىگە بولالمىدۇق . شۇنداق بولغانلىقتىن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى پەرزەنتلىرىمىزگە ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار تارىختىن قالغان كونا تەرتىپلەر بويىچە تىكىلىپ ئالدۇق ـ دە ، دىققەت نەزىرىمىزنى تىل ۋە ھېسابلاشقا زىيادە مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇپ ، ئۇلارنىڭ باشقا جەھەتلەردىكى ئەقىل ئۇنچىلىرىنى ئېچىشقا ھېچقانچە تەدبىر قوللىنالمىدۇق . چۈنكى ، بىز ئاتا ـ ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئەقىلنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشەنگەن ، ئەمما ئەقىل بۇلىقىنى قانداق ئېچىش ھەققىدىكى بىلىملەردە نامرات بولغان بىچارىلەر ئىدۇق . شۇڭا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە تىل ۋە ھېساب قابىلىيىتىگە تىكىلىۋاتقاندا ، ئۆزىمىز ۋە پەرزەنتلىرىمىزدىكى مۇزىكا ، سەنئەت ، كۆزىتىش ، ئالاقە ، مېخانىكا ، تەنھەرىكەت ، پەلەك ۋە زېمىن (زامان ۋە ماكان ) تەسەۋۋۇرلىرى ئاجىزلاپ كەتتى . بىز ئەمدى بايلىقنىڭ ئەقىل ۋە بىلىم تەرەپكە قاراپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئەمەلىيىتىنى كۆردۇق ـ دە ، ئەشۇ ئاجىزلاشتۇرۇلغان ، ئەللەي ئېتىپ ئۇخلىتىپ قويۇلغان ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ تەپەككۇرىمىزدىكى ئاجىز تەرەپلىرىمىزنى تولۇقلاش يولى بىلەن مەنىۋى ۋە ماددىي جەھەتتە يېڭى بايلىقلارغا ئېرىشمەكچى بولدۇق . بىزنىڭ ئەقلىمىزدىكى ئاجىز تەرەپلەر بۇرۇن ئىشقا سېلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئاجىز بولغانىدى . چۈنكى بىزدىكى بۇ يوشۇرۇن

قابىلىيەتلەر پەقەت ئېچىپ ئىشقا سېلىنغاندىلا كۆزچىقىدىغان، مەۋجۇت بولۇپ ياشىرىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنداق بولمىسا، نەچچە مىليون يىللىق تارىخى بار ئىنسانىيەت نېمە ئۈچۈن پەقەت يېقىنقى ئىككى يۈز يىل ئىچىدىلا تېز تەرەققىي قىلالىدى؟ دېمەك، پەقەت مۇشۇ ئىككى يۈز يىلدىلا كىشىلەر ئىلىم ـ پەنگە، پەن ـ تېخنىكا ئاساسىدىكى ساناەتكە كەڭ يۈرۈش قىلىپ، دۇنيانىڭ بىرىنچى ئۇستازى ئارىستوتىل بىلەن ئىككىنچى ئۇستازى ئەبۇناسىر فارابى ئۇل زاماندا بايقاپ ئالغان ۋە بىز ئۈچۈن تۈزگەن بىلىم سىستېمىسىنى تۈرلۈك خۇراپىيلىقلاردىن خالىي ئۆگەندى. تەبىئىي، ئىجتىمائىي، تەبىئىي پەنلەرنى خۇراپاتلىقتىن خالىي ئىجادى تەپەككۇر بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ زامانىۋىلاشتۇردى. تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە روھ ئۈستىدە ھەقىقىي مۇتەپەككۇرلۇق يۈرگۈزدىكى، ھەتتا دىنىي جەمئىيەتلەرمۇ ئالەم ۋە ئادەم ئۈستىدە ھەقىقىي تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملارغا زىيادكەشلىك قىلغان خۇراپىي قىلمىشلىرىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىزدىكى ئەقىل بۇلىقى ئېچىلىپ تەرەققىي قىلىشقا يۈزلەندى. يەنى مۇشۇ ئىككى يۈز يىل ئىچىدە ئەقلنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ھەقىقىي ئىزدىنىشلەر ۋە ئىزدىنىش نەتىجىلىرىنى تەدبىقلايدىغان ئىجادىي مۇھىت ھاسىل بولغانلىقتىن بىزنىڭ ئەقلىمىز تەرەققىياتقا ئېرىشتى. دېمەك، بىزنىڭ ئەقلىمىز پەقەت ئەقلىنىڭ يوشۇرۇن ھالىتىدىن ئىلىم ـ پەننىڭ XIX ئەسىردىكى ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىلىق، يەنى بىلىم ئۆگىنىش، بىلىمنى تەدبىقلاش، بىلىم ئىجاد قىلىش پائالىيىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ يورۇقلۇققا چىقىپ قۇياش نۇرىنى كۆردى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ كارامىتى بارغانسېرى ئاشكارا بولدى. بۇنداق ئىكەن، ھەر بىرىمىزنىڭ كارامەتلىك ئادەم بولۇشىمىزدا يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ـ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتىن بۇنىڭدىن باشقا يول بارمۇ؟ ياق!

لېكىن بىزنىڭ ئىككى ئەسىردىكى ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئۇسۇلىمىز كىتابىي مەنتىقىگە يەنى تىل ۋە ھېسابلاشنى ئاساس قىلغان قابىلىيەتلەرگە دىققەتنى يىغىش بولۇپ، بىز ئاساسلىقى زېھنىي بۆلۈنمىسى (تۇغما قابىلىيىتى) ئۈستۈنرەك بولغان ئادەملەر بىلەن كىتاب مولللىرىنى ئاساس قىلغان زىيالىيلار قوشۇننى ئەقلىنىڭ ئاساسى قىلدۇق. بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدە زېھنىي بۆلۈنمە تۈرلۈك ئۆتۈق قارىشىمىزنىڭ ئىپادىسى بولدى. كاتتا ئالىم، باي، تۆرەم، ئاغىچا خېنىملارغا «خۇدايىم بەرگەن» ئادەم دەپ قاراپ، ئۆزىمىزنىڭمۇ ئەقىل جەھەتتە شۇلاردەك يارالغانلىقىمىزدىن گۇمانلاندۇق. شۇڭا، بىز ئاساسلىقى ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەردىن ئۆگىنىشنى ئاساس قىلىپ ئادەملەر ئوتتۇرىسىكى ناتوغرا دەرىجە پەرقلىرىگە، قۇللۇققا يول قويۇپ، ئۆزلۈكتىكى كۈچ ـ قۇدرەت، گۈزەللىكنىڭ ئەڭ ياخشى قوزغىتىشقا ئىگە بولغاندا ئۇلارنى بېسىپ چۈشۈش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى بىلمىدۇق. لېكىن، ئەقىل ماھىيەتتە بىز تىكلىگەن مەنتىقىدىن باشقا يەنە زامان ۋە ماكان قابىلىيىتى، مۇزىكا قابىلىيىتى، ھەرىكەت قابىلىيىتى، ئالاقە قابىلىيىتى ۋە ئىچكى سېزىم قابىلىيىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كاتتا دۇنيا ئىدى. ئۇ كۆپ ھاللاردا تېزلىك، سۈرئەت، ئورۇن بەلگىلەش، كۈچ، كەيپىيات، دىنى تەجرىبە، چېچەنلىكلەر بىلەن باغلانغان بولۇپ، بىزنى مۇشۇ يەتتە جەھەتتە ئەقىل بۇلىقىنى كۆپ تەرەپلىمە ئېچىشقا دەۋەت قىلاتتى.

ئەقلىدىكى بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆزىمىزگە ئىككى سوئال قويايلى، بىرىنچى، ئەگەر يولدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان بىر ماشىنا تۇساتتىن تورمۇز تۇتالمىسا، بۇ ئىشنى ھەل قىلىشتا كىم ئەقىللىق بولىدۇ؟ كۆزۈرلۈق ئالىي مەكتەپتىن چىققان دوكتورمۇ ياكى شوپۇرلۇق مەكتەپنى پۈتتۈرگەن چېۋەر تېخنىكمۇ؟ چوڭ شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىسىدا كېتىۋېتىپ ئېزىپ قالسىڭىز ئەڭ چوڭ ياردەم سىزگە كىمدىن بولىدۇ؟ خىيالىدا يوق كېتىۋاتقان فرافسوردىنمۇ ياكى نىشانى ناھايىتى ئېنىق كېتىۋاتقان سەزگۈر يىگىتتىنمۇ؟ بۇ ئىككى ئىشتا جەزمەن شوپۇرلۇق مەكتەپتىن چىققان چېۋەر تېخنىك بىلەن سەزگۈر يىگىت ئەقىللىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىشقا چۈشۈشى كۆز ئالدىدا نامايان بولغان ۋەقە، سورۇن، ۋەزىيە ۋە تۇرمۇش يۈنىلىشى بىزگە قويغان تەلەپلەر بويىچە بولۇپ، زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئىلمىي ئۇنۋان، مەنسەپ دەرىجىسى ياكى ئاتاق ئابرۇيى بىلەن ئانچە بەك باغلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇ شۇنداق مۇھىتقا توغرا كەلگەن مېڭىسى ساق

ھەرقانداق ئاددىي ئادەمدە بولۇۋېرىدۇ .

ئالىملارنىڭ زور ئۇتۇق قازانغان ئادەملەر ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولدىكى ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى $\frac{1}{3}$ قىسىم ئادەملەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئۈستۈن بولمىغان ، بەزىلەرنىڭ ھەتتا تۆۋەن بولغان . ئۇلاردىكى زېھنىي بۆلۈنمە پەقەت تېگىشلىك ئىلھام بەخش ئېتەلەيدىغان مۇھىتتىلا ئاشكارا بولۇپ ئىشقا چۈشكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن زېھنىي بۆلۈنمە ئۈستىدىكى ئەقىل سىناشلار پەقەت مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئانچە ـ مۇنچە مۇۋاپىق كەلسىمۇ ، ھەقىقىي زېھنىي بۆلۈنمە تېخىمۇ كەڭ ساھەلەردىكى تۈرلۈك ماھارەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . ئىجادىي قابىلىيەت ھەر ئادەمنىڭ ئىش ئۈستىدىكى مەسىلىلەرنى چۈشىنىش دەرىجىسىگە قاراپ ئۆسۈپ باردىكى ، ئۇنى مۇئەللىم دەرس ئۆتۈپ ئۆگىتىپ قويالمايدۇ . شۇڭا ، زېھنىي بۆلۈنمىنى سىرلىق چوڭ مېڭە ماددىسى ـ ئەمدىلا تۇغۇلغان بالىنى پەيدا قىلغان خروموسوم تەنچىسى دەپ تونۇۋالماستىن ، تۈرلۈك كەسىپلەردە ھەرىكەتكە كەلگەن كارامەتلەر ئارقىلىق كۆرۈلىدىغان ئەقىل نۇرى دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك . تەنھەرىكەتچى ، سەنئەتكار ، مۇزىكانت ، باشقۇرغۇچى ، ئىلاھىيەتچى ، مەسلىھەتچى ، يازغۇچى ، ئوقۇتقۇچى ، مال ساتقۇچى ، سۇۋاركىچى ، تېخنىك ئىشچى ، قۇرۇلۇش ئۈستىسى دېگەنلەر ئەنە شۇ زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ نۇرلانغان چاغدىكى كەسپىي ئاتالغۇسىدۇر .

بۇ ئاتالغۇلار ئادەتتە ئۇلارنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئەمما ، ئۇلاردىكى يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەت ئۇلارنى يەنە قانداق ناملارغا ئىگە قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . ئەگەر ئۇ ئادەم دائىم ئىجتىھات قىلسا ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت شارائىتى بىلەن يېڭى كەسپىي ئاتالغۇلاردا ئاتىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرگە زېھنىي بۆلۈنمىنى بىر خىل مەدەنىيەت ئىچىدىكى رامكىلار بىلەن ئەمەس ، ھەربىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى بىلەن ياشاش شارائىتلىرىدىكى تۇرمۇش ئېھتىياجلىرىدا كۆرۈلىدىغان كارامەتلەر ئىمكانلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ، «ئۆزۈمنىڭ راست» دەيدىغان تار مىللەتچىلىكتىن ئادا جۇدا بولۇشىمىز كېرەك . چۈنكى ، ھەر مىللەتنىڭ ئۆزگىچە ئەقىل ھوشى بار . ئۇلار ئۆزلىرىدە ئەنە شۇنداق ئەقىل ـ پاراسەت ۋە جەسۇرلۇق بولغانلىقتىن ، ئۇلار ئىچىدىكى ئەللامە ۋە باتۇرلارنىڭ ئەقىل بىلەن قوراللانغان پائالىيەتلىرى تۈپەيلىدىن ، ئۆزلۈك ئېگىنى بايقاپ جەڭگىۋار كۈرەشلەرنى قىلغانلىقتىن ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىدى . يېڭى ئەسىر بىزدە مانا مۇشۇنداق كەڭلىك ، كۆپ مەنبەلىك ئەقىل نۇرىنى جەۋلان قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇ ھەممە مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسىدۇر .

بۇ بىزنىڭ ئۆتكەن ئىككى ئەسىردىن ۋە بارلىق يېڭى ئىلمىي بايقاشلاردىن ئالغان تەسىراتىمىز . ھازىرقى كۈندە كىشىلەر نېمىس ۋە ياپون خەلقىنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى ۋەيرانچىلىقنى ھەل قىلىپ يېڭىۋاشتىن دۇنيانىڭ سەركىسى بولۇپ كەتكەنلىكىگە ھەيران قېلىشىدۇ . ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش يالغۇز مۇشۇ ئىككى مىللەت بېشىدىكى كۈلپەتنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىپلا قالماستىن ، دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرگە ، ھەتتا تەبىئىي بايلىقلىرى كەم خەلقلەرنىڭمۇ باش كۆتۈرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ . زېمىنىنىڭ 70% تاغلىق بولغان شۋېتسارىيە خەلقىنى ئالايلى ، نېمىس ، ئىتالىيان ، فرانسۇز مىللەتلىرىدىن ھاسىل بولغان شۋېت خەلقى ئەنە شۇ ئەقىل بايلىقىنى ئېچىش ئارقىلىق ئەتراپىدىكى تەبىئىي شارائىتى قولايلىق مەدەنىي مىللەتلەردىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى . پولاتنى گېرمانىيە ئىشلەپچىقارسا ئۇنىڭدىن ئەڭ نازۇك سانائەتنى شىۋېتلار ياسىدى ؛ كوكانى فرانسىيە ئىشلەپچىقارسا ، داڭلىق شاكىلاتنى شۋېتلار ئىشلەپچىقاردى ؛ پاختا بىلەن يىپەكنى ئىتالىيە ئىشلەپچىقارسا ، داڭلىق رەخت بىلەن دۇردۇن ـ تاۋارلارنى شۋېتلار توقۇدى . ھەتتا ئاشلىقنىمۇ ئىمپورت قىلىپ يەيدىغان شۋېتلار ئەقىلنى دۇنياۋى سانائەت ۋە سودىغا قاراپ تەرەققىي قىلدۇردى . شۋېتلار خام ئەشيالارنىڭ كۆپ قىسمىنى چەت ئەللەردىن كىرگۈزگەچكە ، تەننەرخى ئەرزان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئامالسىز ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىناۋىتىنى چەتتىن كىرگۈزۈلگەن تاۋارلارغا «ئەقلىي قىممەت قوشۇش» ئارقىلىق ئۈستۈردى . يەنى چەتتىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلاردىن تېخىمۇ سۈپەتلىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىپ ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق باي بولدى . ھازىر شۋېتلارنىڭ نازۇك ئۈسكۈنىلىرى ، ئىستانوكلىرى ۋە سانائەتچىلىك تېخنىكىسى دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ ، ھەر يىلى 28

مىليون دانە سائەت ئېكسپورت قىلىندۇ . ئىمپورت قىلىنغان كوكا بىلەن پاختا ، يېپەكتىن ئىشلەنگەن شاكىلات ۋە رەخت ، تاۋارلاردىن باشقا ، ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى مېتال ، خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى ۋە گۆھەر قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق پۇل مۇئامىلە مەركىزى ، دوختۇرلۇق ماھىرى ، ساياھەتتە ئەنگلىيەخان جەمەتلىرىنىمۇ ئۆزگە جەلپ قىلالايدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئېنىق . بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى بايلىقلارنىڭ كۆپلىكى بىلەن تۇرمۇشىمىزدىكى نامراتلىقنى ئۇلارغا سېلىشتۇرۇپ باقايلى . ئارىمىزدىكى پەرق ئەنە شۇ ئەقىلگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن قىلالماسلىق بولۇپ چىقىدۇ . مەۋجۇت بولۇپ قالايلى ، ياشاپ قالايلى ، يوقىلىپ كەتمەيلى دېسەك ، ئاشۇ ئەقىلدارلارنىڭ يولىدا ماڭماسلىق مۇمكىنمۇ ؟ يوقالسۇن قورۇق خوراپاتلىق ، ئۆزىمىزدىن ئالىم ـ ئەللامىلارنى كۆپەيتەيلى ، ھۈنەرۋەن كارخانىچىلىرىمىز ئارقىلىق كوچىدا ئىشسىز يۈرگەن قېرىنداشلىرىمىزغا تۇرمۇش يولى تاپايلى ! زامانىۋىلىشىش ھەرگىز قۇرۇق شوئار ئەمەس !

### 3 . سىرلىق كۈچنى ئېچىشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

ئۆزلۈكتىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش يېڭى ئەسىر ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ئىجادىي مائارىپ تەلىپى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان . چۈنكى ، بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا «بىلىم ـ كۈچ» ئەقىدىسى «ئىجادىيەت ـ كۈچ» ئەقىدىسىگە ئۆزگىرىپ ، ئومۇمىي مائارىپ شەكلىمۇ يېڭى بىلىم ئىجاد قىلىپ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدىغان يېڭى ئەسىرنىڭ تەلىپى بىلەن ئىجادىي مائارىپقا ئۆزگەردى . ئىجادىي مائارىپ پاراسەت قوغلاشقان ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنى تەربىيىلەشنى نىشان قىلغان بولۇپ ، بۇ خىل مائارىپ شەكلى كونا مائارىپتىكى بىر تۈركۈم كىتاب موللىسىنى ئاساس قىلغان زىيالىيلار قوشۇنىدىن ئومۇمىي خەلققە يۈزلەندى ـ دە : نورمال تەپەككۇر قىلالايدىغان ھەربىر ئادەمدە غايەت زور يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەت بار ، بۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەت مائارىپ تەربىيىسى ئارقىلىق رېئال ئىجادىي قابىلىيەتكە ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ، تەربىيىلەنگۈچىلەر ئۆزىدىكى شۇ يوشۇرۇن قابىلىيەتنى تولۇق غايە بىلەن ئىجادىيەت خاسلىقىغا ئايلاندۇرغاندىلا ، ئۆزلىرىنىڭ پىسخىك ساپاسى ، ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە ئىجادىي ئەمەلىيەت قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ ، يېڭى ئەسىر رىقابەتلىرىنى كۆتۈپ ئالالايدۇ دېگەن نېگىزلىك ئىدىيە قوماندانلىقىدا باش كۆتۈردى . بۇنداق قاراش بويىچە يېڭى ئەسىردە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئاچمىسا بولىدىغان ھېچقانداق ئادەم بولمايدۇ . كادىر ، دېھقان ، ئىشچى ، تىجارەتچى ، ئائىلىدىكى ئاياللارمۇ مۇشۇنداق مائارىپنىڭ تەربىيە دائىرىسىگە كىرىدۇ . ئۇ مەكتەپتە ئوقۇسۇن ياكى ئوقۇمىسۇن ، مەيلى قانداق شەكىلدە بولسۇن ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئاچىدىغان بىر خىل تەلىم تەربىيە ئارقىلىق ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرمىسە ، يېڭى ئەسىردە ئادەملىك قىممىتىنى يارىتالمايدۇ . بۇنداق مائارىپ سېپىدىكى ئوقۇتقۇچىلار پاتىفون ئورنىدا سۆزلەپ تۈرلۈك بىلىملەرنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپ قويىدىغان ھالەتتىن خۇددى ماتور ماشىنىنى قوزغاپ ئېلىپ ماڭغاندەك ئوقۇغۇچىلاردىكى پاراسەتنى قوزغايدىغان ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرىدىغان ، ئۇلاردىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان كۈچكە ئايلاندۇرىدىغان روھى ئىنژېنېرلارغا ئۆزگىرىدۇ . ھەر بىر ئادەم مۇشۇنداق ئىجادىي مائارىپنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى تولۇق تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، «مەنمۇ غايەت زور ئىگانىت ئادەم» دېگەن ئىشەنچە بىلەن ئۇلۇغ ئۆزلۈكنى بايقاپ ، ئۆزىنى ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش ، رېئاللاشتۇرۇش بىلەن بىرگە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان تەشەببۇسكار ئوقۇغۇچىغا ئايلىنىدۇ . ئىجادىي مائارىپ مەقسىتى بويىچە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلار (پۈتكۈل خەلق) دىكى بۇنداق ئۆزگىرىش ئىنسان تەبىئىتىنىڭ پاراسەت نۇرى ئاستىدا جەۋلان قىلىشى بولۇپ ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ھەربىر ئادەم ئۆزلۈكنى نامايان قىلىدىغان سەھنىگە ئايلاندۇرىدۇ . ھەممە ئادەم پاراسەت قوغلىشىدىغان بۇنداق ۋەزىيەت ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن مۆجىزە بولۇپ ، بۇنداق يۈزلىنىشنىڭ مەقسىتى ھەربىر ئادەمنى قالتىس مۇتەخەسسىسلەرگە ، كۆزگەن نەرسىلىرىنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمايدىغان تالانت ئىگىلىرىگە ۋە پۇل تېپىش ماھىرىغا ئايلاندۇرۇشلا بولماستىن ، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان يېڭىچە ئادەملەرنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت . بۇنداق تەلەپ بويىچە يېڭى ئەسىردە ھېچ-

كىم بىلىم ۋە يېڭى بىلىم ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلىپ كۈن كەچۈرەلمەيدۇ. بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا بىز بۇ يۈزلىنىشنى ئەمدىلا ھېس قىلىۋاتقان بىلەن دۇنيانىڭ ئىلغار جايلىرى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇشۇ يۈزلىنىشكە ئۆتكەن بولۇپ، ئىنسانىيەت ئەمدى بۇ يولدىن كەينىگە قايتالمايدۇ.

ئىقتىساد ياكى ئىگىلىك تىلى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئەسىردە بىلىم بايىدىكى يۇمشاق دېتاللار ماددىي بايلىق بايىدىكى قاتتىق دېتاللارنى بېسىپ كېتىدۇ. يۇمشاق دېتاللار ئادەمنىڭ پاراسىتىدىن ھاسىل بولغان بىلىم، تەجرىبە، ئۇسۇل، ئۇچۇر، تاكتىكا، مەلۇمات، چارە ـ تەدبىر بولۇپ خىزمەت قىلسا، قاتتىق دېتاللار ئۈسكۈنە، زاۋۇت، زېمىن، ماتېرىيال قاتارلىق كاپىتال ئامىللىرى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۆتكەن ئەسىردە ھەتتا نەزەر دائىرىسى تار، تەپەككۇردا ئاجىز قارا قورساق بىر ئادەم زېمىن، ئۈسكۈنە، زاۋۇت، قارا كۈچ ۋە كاپىتالغا تايىنىپ باي بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يېڭى ئەسىردە بۇنداق ئادەملەرنى بىلىمخۇمار، كۆپتىن خەۋەردار ھەمدە ئۆگىنىشكە ماھىر، بۈيۈك غايە تىكلىگەن بىر تەپەككۇر ئىگىسى بىلەن زادىلا تەڭ قويغىلى بولمايدۇ. لېكىن زامانىمىزدا ماددىي بايلىق ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئۆزىنى ئاتىدىغان ئەسەبىيلىك ھەرقانداق دەۋردىكىدىن ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ھەرقانچە پاراسەتلىك ئادەممۇ بىلىمگە قوماندانلىق قىلىدىغان پاك ديانەتلىك بىر ئەخلاقىي غايىگە ئىگە بولمىسا، پاراسەت دەۋرىنىڭ ئۇتۇق ئۆتكەللىرىدىن ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا، يېڭى ئەسىر ئىجادىي ماھارەت تەلەپ بويىچە يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن يېڭىچە غايە تۇرغۇزۇش ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن يېڭى ئەسىر ئادىمى بولۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر.

4. سىرلىق كۈچنى ئېچىش غايىسى

ئادەمدە شۇنچە شور يوشۇرۇن قابىلىيەت بولغان بىلەن غايە ئۇنى ئېچىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر، چۈنكى، بىر ئادەم يېڭى ئەسىر ئادىمى بولۇش ئۈچۈن ئۆگىنىپ بىلىم ئالدى، خېلى يۇقىرى قابىلىيەت تۇرغۇزدى دېگەندىمۇ، ئەگەر ئۇ بىلىم ۋە قابىلىيەتلىرىنى ئۆزىنىلا ئويلايدىغان بىر قارا نىيەت تەرەپتە ئىشقا سالسا، ئۇ كىشى ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ ئالالمايدۇ، ئۇنىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلەپ ئانا يۇرتىغا پايدا يەتكۈزىدىغان نۇرلۇق كۆزىنى ئېتىۋالىدۇ ـ دە، ئۇ ۋاستە تاللىماستىن دۇنياغا چاڭ سالىدىغان مەلئۇنغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. كونىلارنىڭ «ئادەم غايىۋى تەربىيە ئارقىلىق ئەۋلىياغا ئايلانسا، يامان خىياللار ئارقىلىق غالجىرغا ئايلىنىپ كېتىدۇ» دېگىنى ئەنە شۇ. شۇڭا، ئادەم ئۆز ھالىدىن ئۆگىنىش بولىقىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ كۆچىيىش بىلەن بىللە، ئىگىلىك تىكلەپ ئانا يۇرتىغا، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بىر ئىش قىلىپ بېرىشكە بىر غايە تۇرغۇزۇپ، شۇ بويىچە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىپ مېڭىشى كېرەك. ئادەمنىڭ ساپاسى مانا مۇشۇ يول بىلەن ساغلام تەرەققىي قىلىدۇ.

لېكىن، غايە پۇتى يەرگە تەگمەيدىغان دار، قۇرۇق خىيال بولۇپ قالماسلىقى كېرەككى، ئۇ ئۆز ھاياتىدىكى ئۆزگىچە، باشقىلاردا يوق خاسلىق بويىچە ئۆزىدىكى چاكىنا جاھانسىزلىقتا ياتىدىغان تەرەپلەرنى ھەر كۈنى خۇددى ئۆيىدىكى ئەخلەت ۋە چاڭ ـ توزاننى سۈپۈرگەندەك تازىلاپ مېڭىپ بارغانسېرى مەنىۋى قىرغاقتا قاراپ ئىلگىرىلىشى كېرەك. نۇرغۇن ئادەملەر بار، بىر ئىشقا ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ۋەدە قىلىدۇ، ئەمما قەتئىي نىيەتكە كەلمەيدۇ. بۈگۈن مەن مۇنداق قىلىمەن دېسە، ئەتىسى ئۇنداق قىلىمەن دەيدۇ، ئۆگىنى بولسا بۇ پىلانىمدىن كەچتىم دەيدۇ. ئۇلاردا قىلماقچى بولغان ئىشقا قارىتا كۈچلۈك بىر ئىستەك تۇرغۇزۇلمىغان ياكى بولمىسا ئۇتۇق قازانمىغۇچە زادىلا بەل قويۇپ بەرمەيدىغان بىر ئىرادە تىكلەنمىگەن. بىلىشىمىز كېرەككى، بىزدىكى ھەقىقىي كىشىلىك ھايات كۈچلۈك بىر ئىستەك قوماندانلىقىدىكى قەتئىي نىيەتتىن باشلىنىدۇ. ئەگەر بۇنداق بىر كۈچلۈك ئىستەك ۋە قەتئىي نىيەت بولمايدىكەن، ھەربىر ئادەم خۇددى تىرىك مېڭىپ يۈرگەن ئۆلۈك ئادەملەرگە ئوخشاپ قالىدۇ.

ئويلاپ باقايلى، بىر ئادەم ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ تاماق يېسە، ئىشقا چىقىپلا يەنە چۈشلۈك تاماق كويىدا بولسا، كەچتە ئىشتىن چۈشۈپ تاماق يەپ ئۇخلىسا، ئۇنىڭدا ئۆز ھالىنى ئۆزگەرتىدىغان بىر ئىستەك ياكى قەتئىي نىيەت بولمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ياشىغىنىنىڭ نېمە پايدىسى؟ نۇرغۇن ئائىلە خوتۇنلىرى بىلەن خىزمەتتىن قالغان ئادەملەر مانا شۇنداق ياشايدۇ. ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىچى پۇشۇپ سىرتقا چىققاندا باشقىلارنىڭ ھەر خىل ئويۇن تاماشالىرىغا قارايدۇ، ئۆيگە كىرسە يەيدۇ، ئۇخلايدۇ، تاكى كېسەل بولۇپ ئۆلگۈچە شۇنداق ئۆتىدۇ. بۇنداق ھاياتتا نېمە لەززەت بار؟ ئەگەر بۇنداق ئادەملەرنىڭ بەزىلىرىدە بىلىم بار دەپ قارايلى، بەزىلىرىنى ئوبدان، ياۋاش ئادەم دەپ قارايلى، بىلىمى بار، ياۋاش، ئوبدان ئادەم دېگەنلەرنىڭ باشقىلارغا ھېچقانداق پايدىسى تەگمىسە نېمە قىلىدۇ؟ شۇڭا،

كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئادەم بولۇش ، كىشىلەرگە ۋە
ئانا يۇرتىغا پايدىسى تېگىدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن
غايىنىڭ يىلتىزىنى رېئال تۇپراق ئۈستىگە تۇرغۇ-
زۇپ ، ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى قۇدرەت يېتىدىغان
ھەرقانداق بىر دائىرىدە بارغانسېرى ئالىيجاناپ
يۈكسەكلىكنى كۆزلەپ ئىلگىرىلەش كېرەككى ،
زادىلا توختاپ قالماسلىق كېرەك .

نۇرغۇن دوستلىرىمىز بار ، ئۇلار ياش ۋاقتىدا
ئۆزلىرىنى ئېتىراپ قىلىشقان ، لېكىن ، ئۇلار ئو-
قۇغان ۋە توۋلىغان نەرسىلەر «ياشىسۇن پرولېتا-
رىيات !» «كاپىتالىزمنى يوقىتايلى !» دېگەندەك
شوئارلاردىنلا ئىبارەت بولغاچقا ، شۇنچە يىللار ئۆت-
كەندىن كېيىنمۇ يەنىلا شۇ ھالىتى بويىچە تۇرۇپ
قالدى . شۇڭا ، بىز چوقۇم ئۆز ئەھۋالىمىزنى ياخ-
شىلايدىغان بىر ئىشقا ئىنتىلىپ بىلىملىك بولۇ-
شىمىز ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۆز كەسپىمىزنى
ۋايىغا يەتكۈزۈپ باي بولۇشىمىز ، بىلىم ۋە بايلىقى-
مىزنى ئىشلىتىپ مەنىۋى دۇنيانىڭ تېخىمۇ چوڭ-
قۇر قاتلاملىرىنى ئېچىشىمىز ، پرولېتارىياتنىڭ
باي ـ باياشات ياشاش شارائىتىنىمۇ يارىتىشىمىز
كېرەك . ئەگەر بىز ھەر كۈنى چوڭ ـ چوڭ شو-
ئارلارنى توۋلاپ ، ئۆزىمىزگە ئاشۇنداق تەلەپ قوي-
مايدىكەنمىز ، بۇنداق قىلىقىمىزغا كىچىككىنە بە-
لىم ، قابىلىيەتلىمىزمۇ يېتىپ ئاشىدۇ ـ دە ، بىز
ئاللىقانداق مەرتىۋە ھەم ماددىي مەنپەئەتلەرنىمۇ غا-
يىگە يەتكەنلىك ھېسابلاپ ، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈ-
زۈش ئۈچۈن داۋاملىق ئالغا باسالمايمىز . پەقەت
ھازىرقى ئەھۋالىمىزدىن قانائەت ھاسىل قىلمايدى-
غان ، بىر كۈن ئەمەس بىر كۈن ۋەتەن ـ خەلق
ئالدىدا زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان بىر غايە كەينىدىن
يۈرگەندىلا ، ئۆزلۈكىدىن ئۆكۈنۈش بۇلىقىنىڭ
سۈيى باغرىمىزنى بارغانسېرى يۇمشىتىپ ، ئۇنىڭ-
دىكى تۈگىمەس بايلىقلارنى بىزنىڭ ھەر قېتىملىق
ئۆرلىشىمىزگە ئۇلگۈرتۈپ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ ـ
دە ، بىز ھەر قەدەمدە پىكىردە چوڭقۇرلايمىز ، ھە-
رىكەتتە دادىللىشىمىز ، مەنزىل ياقىلاپ ئىلگىرىلى-
گەنسېرى جامائەت ئالدىدا گەۋدىلىك ئۈلگىلەرگە
ئايلىنىمىز . غايىگە يېتىپ بارىدىغان تەسەۋۋۇرلار
بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ تۇرىدۇ . يوشۇ-
رۇن ئىقتىدارنى ئېچىش دېگەن مانا مۇشۇنداق غايە
ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز ئىلگىرىلەش ئارقىسىدا ئىشقا
ئاشىدۇ . شۇڭا ، ئالىملار «ھەر كىم ئەگەر توختاپ
قالماي ئالغا باسىمەن دېسە ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن
قابىلىيەتكە دائىملىق ئىلھام بېرىدىغان بىر غايە
تۇرغۇزۇشى كېرەك» دېگەننى شەرت قىلغان .

ئىنسانىيەت تارىخىدا پارلاق نۇر چاچقان چول-
پانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاشۇنداق غايە بىلەن
ئىلگىرىلىگەن ئادەملەر ئەمەسمۇ ؟ شۇنداق ئادەم-
لەر ، ئۇلار غايىسى ئېنىق ، كۆڭلىنى ئۆزى قىلى-
ۋاتقان ئىشقا يىغقان ، قولىدىكى بازغاننى ئارزۇ ـ
ئارمانلىرى ئىشقا ئاشقىچە توختىماي شۇ نۇقتىغا
ئۇرىدىغان ئادەملەردۇر . بىلىم ، قابىلىيەتتە ھەم-
مىگە قول سوزىدىغان ئەمما چوڭقۇرلاشمىغان ، قى-
لىۋاتقان ئىشىدا شاختىن ـشاخقا قونۇپ يۈرىدىغان
ئادەملەر مەغلۇبىيەت تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ . يې-
ڭى ئەسىردە بۇ ھەقىقەتنى يۈكسەكلىكنى ئىزدەپ
كېتىۋاتقان ھەربىر ئادەم ئېسىدە چىڭ ساقلىشى
كېرەك . بۇ ئەسىردە ھەممە ئۆزگىرىپ بارىدۇ .
بىز يېڭى ـ يېڭى تۇرمۇش پورمىلىرىغا لايىقلىشى-
مىز . لېكىن ، ئىنسانلارنىڭ يۈكسەك غايىگە تەل-
پۈنۈپ ئىلگىرىلەش ئادىتى ئۆزگەرمەيدۇ . سىزنى
باي قىلىدىغان ، ھەل قىلىدىغان ، ئۇلۇغ قىلىدىغان
نەرسە يەنىلا سىزنىڭ ئۆزىڭىزدىكى يوشۇرۇن قابى-
لىيەتنى ئېچىش غايىڭىز ، چىنلىقىڭىز ، سەمىمى-
لىكىڭىز ، ھەققانىيەتچىلىكىڭىز ، مېھرى ـ مۇ-
ھەببىتىڭىز ، ئىجادىي بىلىمىڭىز ، قىزغىنلىقى-
ڭىز ، سەزگۈرلىكىڭىز ۋە پاك پەزىلەتلىرىڭىز بو-
لۇپ قېلىۋېرىدۇ . ناۋادا سىز ئىنسانلار تارىخىدىن
مىراس قالغان غايىلىك ئىلگىرىلەش يولىغا قەتئىي
نىيەت بىلەن قەدەم تاشلىسىڭىز ، مەيلى سىز كىم
بولۇڭ ، قانداق بىر ئىشنى قىلىڭ ، يەنىلا ئۈمىد-
لىك ئادەم بولۇپ قېلىۋېرىسىز . چۈنكى ، كىشى-
لىك ھاياتتا ھەر بىر ئادەمنىڭ يۈرىكى ئۆزىنىڭ
ئەڭ ياخشى ئۇستازى ، ئۇنىڭدىكى ھەممە ھەرىكەت-
نى ، ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىسىنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ
قەلبى بەرگەن . ھېلىمۇ ھەر كىم ئەنە شۇ ئۆز
قەلبىنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتماقتا . شۇڭا سىزدە
جاسارەتلا بولىدىكەن ، يېڭى ئەسىردە جەزمەن ئۆز
قىممىتىڭىزنى يارىتالايسىز .

توغرا ، سىز بىر ئۆرلەپلا خان ياكى ۋەزىر ۋە
ياكى غەنى باي بولۇپ كېتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن ،
لېكىن سىز بىر ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىدىغان
ئۇلۇغ ئادەم بولۇپ كېتەلەيسىز . مۇشۇنداق ئادەم
بولۇش ئىستىكى سىزدىكى ئەڭ زور بايلىق بولۇپ
قالىدۇ . بىراۋلار سىزدىكى بۇ بايلىقنى تونۇپ يەت-
مىدىمۇ ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى . ئۇنىڭ ئىنكارچىلىقى
پەقەت ئۇنىڭ نەزىرىنىڭ ھەقىقىي ئۇلۇغلۇقنى بىل-
مەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بۇنى ئوڭاي
چۈشىنىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئامېرىكىدا قارا
تەنلىكلەرنى قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ، 1861 ـ ۋە

ئاخىرى 50 ـ بەتتە

www.uyghurkitap.com



# لوپنۇرنىڭ تەبىئىي مۇھىتى

ماتېرىياللارنى تەرمە قىلغۇچى يۈسۈپجان ئابدۇرېھىم

## گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى

ئىلاۋە: لوپنۇر — ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىقلار مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، ھازىرقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستىقبالى ناھايىتى پارلاق بولغان بىر ناھىيە. شۇڭا، بۇ يەر ئۇزاقتىن بۇيان ژۇرنىلىمىزنىڭ نۇقتىلىق تەتقىقات ۋە تەشۋىقات نىشانى بولغان. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى زور تىرىشچانلىقى بىلەن بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەركەزنىڭ غەربىي رايونىنى كەڭ ئېچىش ئىستراتېگىيىسىگە يېقىندىن ماسلىشىپ، بۇ ناھىيىنى قەدىمكى شەھەر خانلىقلىرىدىن ھالقىغان گۈزەل ھەم بەختلىك ماكان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئىرادىسى ھەسسىلەپ كۈچەيدى. بىز ئالىي مۇھەررىر ئىسلامجان شېرىپنىڭ 3 قېتىملىق زىيارىتى ئارقىلىق رەھبەرلىك ۋە خەلق ئاممىسىدىكى بۇنداق قىزغىنلىق، لوپنۇرنىڭ زېمىن بايلىقىدىكى مولluq ۋە ئۇنىڭ كەلگۈسىدىكى پارلاق ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئۆستى ـ دە، بۇ ناھىيىنىڭ جەمئىيەت، مەدەنىيەت ئىقتىساد ۋە كېلەچەك تەرەققىياتى ھەققىدە نۇقتىلىق تەتقىقات ۋە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، بۇ ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باشقا ناھىيىلەرنىمۇ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە مەلۇماتلار بىلەن تەمىن ئەتمەكچى بولدۇق. شۇڭا، ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقات، تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرىنى بىزگە يوللاپ بېرىشىنى، زور ۋە زۆرۈر ئىشلاردا بۇ سەھىپىمىزنىڭ لايىھىلىگۈچىسى ئوبزۇلقاسىم زۇنۇن (بايىنغولىن مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) دىن يوليورۇق سوراشنى، ئەكس ئەتتۈرىدىغان نۇقتىلىق مەسىلىلەردە ھاكىم جېلىل ناسىر بىلەن مەسلىھەت قىلىشنى، بىزگە يوللايدىغان ماتېرىياللارنى سەھىپىمىزنىڭ رىياسەتچىسى يۈسۈپجان ئابدۇرېھىم (لوپنۇر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرى) بىلەن ئالاقە قىلىپ تۈزۈشنى سورايمىز.

---

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ گېئولوگىيىسى تارىم رايونى بىلەن تەڭرىتاغ رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك ھەرىكەت تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. پروتېروزوي ئېراسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە تارىم رايونى بىلەن تەڭرىتاغ رايونى يەنىمۇ پۈرۈلمىلىشىپ پلاتفورمىلىق ئۇل ئاستىنى ھاسىل قىلغان.

سىنئان دەۋرى: بۇ دەۋردە ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولغاچقا، ھەممە يەرنى مۇزلۇقلار قاپلاپ كەتكەن، تارىم يەنىلا مۇقىم دېڭىز رايونى بولغان، شىمالىي گىرۋەكتىكى يەر پوستى بىر قەدەر ھەرىكەتچان بولۇپ، مۇزلۇق ۋە دۆغ ئېقىم چۆكۈندىلىرى ئومۇميۈزلۈك ساقلىنىپ قالغان، قۇرۇقتاغدا يەر قاتلاملىرى ئېچىلىپ قالغان. بۇ دەۋرگە تەۋە خېلى مۇكەممەل بولغان ئۈچ مۇز دەۋرى، ئىككى ئۈزۈك مۇز دەۋرىدىكى چۆكۈندىلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمىي قېلىنلىقى 5000 مېتىردىن ئاشىدۇ، جىنسلار ئاساسەن، قۇم تاش،

گىل تاش، يانار تاغ لاۋىلىرى قىستۇرۇلغان جىنسلار، تۇف ۋە مۇز دۆمبەل لايلىق شېغىل جىنسلاردىن تەركىب تاپقان، ئاخىرقى سىنئان ئېپوخاسىدا قۇرۇقتاغ رايونى يېرىم قامالما ھالەتتىكى پلاتفورما بولۇپ شەكىللەنگەن.

كېمبىرىي دەۋرى: بۇ دەۋردە تارىم دېڭىز رايونىنىڭ غەربىي تەرىپى تېيىز، شەرقىي تەرىپى چوڭقۇر بولۇپ، يەر يۈزىنىڭ كۆپ قىسمىنى 4 - سىستېمىغا مەنسۇپ چۆكۈندىلەر قاپلاپ تۇرىدۇ. قۇرۇقتاغ قۇرۇقلۇق بوسۇغا گىرۋىكىدىكى ئويمانلىق سىزىقسىمان دېڭىز - قۇرۇقلۇق بوسۇغا فاتسىيە بەلۋېغىغا تەۋە بولۇپ، ئۇنىڭ چۆكۈندە جىنسلىرى ئاساسلىقى، رادىئوئاكتىپلىق كرېمنىي جىنس، كاربوناتلىق سلانېتس، مېرگېل، قېتىشمىسىمان فوسفورلۇق جىنس ۋە ھاك جىنسلاردىن، قىسمەنلىرى ئارىلاشما يانار تاغ جىنسلىرىدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 120 مېتىردىن 1200 مېتىرغىچە كېلىدۇ.

ئوردوۋىك دەۋرى: بۇ دەۋردە تارىم يەنىلا دېڭىز فاتسىيىسى ھېسابلىنىپ، قۇرۇقتاغ تېيىز دېڭىز - قۇرۇقلۇق بوسۇغا فاتسىيىسىگە، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىي تەرىپى قۇرۇقلۇق بوسۇغا گىرۋىكىدىكى ئويمانلىق فاتسىيىسى بەلۋېغىغا تەۋە بولغان، چۆكۈندىلەر ئاساسلىقى ھاك جىنسلاردىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 300 مېتىر كېلىدۇ. ئاخىرقى مەزگىللەردە تارىم رايونىدا ئاساسلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ھەرىكىتى كۆرۈلگەن، بۇ مەزگىلدە تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىكى ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن. بۇ مەزگىلدىكى چۆكۈندىلەر تەركىبىدە ئوتتۇراھال نېفىت ھاسىل قىلغۇچى جىنسلار بار ئىدى.

سىلۇر دەۋرى: بۇ دەۋردە لوپنۇر ناھىيىسى تارىم دېڭىزىدىكى تېيىز دېڭىز رايونىغا جايلاشقان بولۇپ، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىدىكى رايونلار قۇرۇقلۇق مەنبەلىك ئۇۋاق جىنسلار ئارىسىغا قىستۇرۇلغان كاربوناتلىق چۆكۈندىلەرنى ئاساس قىلغان، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 720 مېتىردىن 2000 مېتىرغىچە كېلىدۇ، جىنسلار قۇم تاش، ئەشمە قۇم تاشلارنى ئاساس قىلىدۇ. ئاخىرقى سىلۇر ئېپوخاسىغا كەلگەندە، ئاخىرقى كالېدون ھەرىكىتى تېخىمۇ تەرەققىي قىلغاچقا، دېڭىز سۈيى ناھىيە تەۋەسىدىن چېكىنىپ، تارىمنىڭ شىمالىدىكى ئارالنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا كېلىپ توختىغان، ئارالنىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ھازىرقى ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىككى دەريادىن ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىكنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان.

دېۋون دەۋرى: بۇ دەۋردە تارىم دېڭىزىنىڭ سۈيى يەنىمۇ تارتىلىپ كەتكەن. قۇرۇقتاغنىڭ شەرقى، لوپنۇر كۆلىنىڭ شىمالىدىكى دەسلەپكى دېۋون دەۋرىدىكى چۆكۈندىلەرنىڭ قېلىنلىقى 300 مېتىردىن 400 مېتىرغىچە كېلىدۇ، جىنسلار قۇم تاشنى ئاساس قىلىدۇ. ناھىيىنىڭ شەرقىي بىلەن جەنۇبىي قۇرۇقلۇق چۆكۈندە فاتسىيە بەلۋېغى ھېسابلىنىدۇ. ئاخىرقى دېۋون مەزگىلىگە كەلگەندە، دەسلەپكى گېرتسىن ھەرىكىتى ناھايىتى نۇرغۇن جايلارنى ئېگىز - پەس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان. تارىمنىڭ شىمالىدىكى ئاراللار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ئېدىرلىق بولۇپ قالغان، تارىم دېڭىزى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۈزلەڭلىككە ئايلانغان. لوپنۇر ناھىيىسى دەل ئېدىرلىق بىلەن تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە قۇرۇقتاغنىڭ ئالدى دەريا ئېقىنى فاتسىيىلىك چۆكۈندە رايونىغا توغرا كېلىپ قالغان، جىنسلار يىرىك قۇم تاش قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭ قېلىنلىقى 1200 مېتىردىن ئاشىدۇ.

تاش كۆمۈر دەۋرى: بۇ دەۋردە شىنجاڭدا غەربتىن شەرققە قاراپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەڭ كۆلەمدە دېڭىز تاشقىنى كۆرۈلگەن. تارىم دېڭىزى مۇقىم بولغان تېيىز دېڭىزغا ئايلىنىپ قالغان، ناھىيە تەۋەسىدىكى كۆنچى دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىنىڭ شىمالىي قىسمى يەنىلا تارىمنىڭ شىمالىدىكى ئارالدا قالغان، تارىم دەرياسى غەربىي قىرغىقىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى يەنىلا تارىم دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغان. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئاخىرقى دېۋون دەۋرىدىكى ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرىنىڭ چېكىنىشى ۋە دېڭىز - ئوكيان ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرىنىڭ كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. دېڭىز تاشقىنىنىڭ دېڭىزدىكى كۆچى تۆپەيلىدىن تەخمىنەن 1000 نەچچە مېتىرلىق قېلىنلىقتىكى قۇم تاش تەركىبلىك يىرىك ھەم ئۇۋۇندىلىق ماددا چۆكۈندىلىرى پەيدا بولغان، بۇ مەزگىلدىكى چۆكۈندىلەر خېلى ياخشى نېفىت ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پېرم دەۋرى : بۇ دەۋر شىنجاڭنىڭ قەدىمكى جۇغراپىيىلىك شارائىتىدا كەسكىن ئۆزگىرىش بولغان گېئولوگىيىلىك دەۋردۇر . دېڭىز سۈيى غەربكە چېكىنگەچكە ، تارىمنىڭ ئوتتۇرا شەرقىي قىسمىدا قۇرۇقلۇق ھاسىل بولۇپ ، تارىمنىڭ شىمالىدىكى قۇرۇقلۇق بىلەن تۇتاشقان . ناھىيە تەۋەسىدىكى پېرم دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان چۆكۈندىلەر ئاساسلىقى ، قۇرۇقلۇق فاتسىيىسىدىكى يانار تاغلاردىن ئېتىلىپ چىققان ۋە دەريا فاتسىيىسىدىكى ئۆۋىندى چۆكۈندىلەر تۇزلەڭلىككە ھەم جىلغىلارغا تارقالغان .

تىرىئاس دەۋرى : بۇ دەۋردە قۇرۇقلۇق داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ چىققان . قۇرۇقتاغدا داۋاملىق تۇردە تاغ ئېتىكى دۆۋىلەنمە فاتسىيىلىك يىرىك ئۆۋىندى چۆكۈندىلەر ھەم دەريادىكى كۆل فاتسىيىلىك ئۆۋىندى لاتقىلىق چۆكۈندىلەر پەيدا بولغان . ناھىيىنىڭ شىمالىدىكى تەڭرىتاغ چوقچىيىپ چىقىپ ، تارىمنى نىسپىي ھالدا پەس يەرلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويغان . شۇنىڭدىن كېيىن ، يۇرا دەۋرى ، بور دەۋرى ، تىرىئاس دەۋرىدىن ئىبارەت بىرنەچچە گېئولوگىيىلىك دەۋرلەردە كۆرۈلگەن گېئولوگىيىلىك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ، ھازىرقىدەك گېئولوگىيىلىك ھالەت شەكىللەنگەن .

## يەر يۈزىنىڭ تۈزۈلۈشى

لوپنۇر ناھىيىسىنىڭ يەر يۈزى تۈزۈلۈشى تارىم ئويمانلىقى ، كوئېنلۇن تاغ تىزمىسى ، تەڭرىتاغ تىزمىسى ، تارىم دەرياسى ، كۆنچى دەرياسى قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئاگېنىت رولىغا ۋە تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغانلىقتىن ، ئويمانلىق ياقىسى يەر تۈزۈلۈشىنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ئېگىز ، شىمالىي تەرىپى پەس بولۇشنى بەلگىلىگەن . ئويمانلىقنىڭ ئىچكى سۇ سىستېمىسىدىكى دەريا ـ ئېقىنلار تاغ ئېتىكىدىن ئويمانلىققا توپلانغاندىن كېيىن ، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ، غەرب تەرەپتىكى چەت ئەگرى ـ توقايلىقلارنى بويلاپ شەرققە قاراپ ئېقىپ ، ئومۇمىي ئېقىن يۆنىلىشىنى ھاسىل قىلغان . ئويمانلىقنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي قىسمىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئەڭ پەس بولۇپ ، ئۇ ، تارىم دەرياسى ، كۆنچى دەرياسى ۋە شەرقىي جەنۇبىدىكى ھەرقايسى دەريا سىستېمىلىرىنىڭ ماكانى ھېسابلىنىدۇ .

تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي ـ شىمالىي چېتىگە جايلاشقان لوپنۇر ناھىيىسى رايونىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى سەل ئېگىزرەك بولغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، باشقا رايونلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك پەس ۋە چەت ئويمانلىققا مەنسۇپ بولۇپ ، پۈتكۈل ئويمانلىقنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا پەسىيىپ بارىدۇ . ناھىيىنىڭ شەرقىي ـ جەنۇبىي بىلەن چاقىلىق ناھىيىسى تۇتاشقان جاي دەل تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ پەس جايى ھېسابلىنىدۇ . لوپنۇر كۆلى بىلەن تېتىما كۆلى كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئاخىرقى كۆلىگە ئايلىنىپ قالغان . يېقىنقى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ، كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدا كۆپ مىقداردا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ، سۇ ئىشلىتىش مىقدارى ئېشىپ كەتتى ، يەنە كېلىپ بىر قىسىم سۇ ئامبارلىرى ياسالدى ، ھازىر تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى پەقەت داشكۆلگىچىلا ئېقىپ بارالايدۇ .

ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 59 مىڭ 760 كۋادرات كىلومېتىر ، ناھىيە تەۋەسىنى تۆت گېئومورفولوگىيىلىك ئېلېمېنتقا ئايرىش مۇمكىن .

### 1 . تاغلىق

شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپى قۇرۇقتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئوتتۇراھال پەس تاغلىق جاي بولۇپ ، كۆلىمى 7527.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1200 مېتىردىن 2782 مېتىرغىچە ئېگىز ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2000 مېتىر ئەتراپىدا كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ . تاغلىق رايونلار بىلەن خوشنا ناھىيىسى تۇتاشقان جايلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى نىسبەتەن ئېگىزرەك بولۇپ ، ئورنى كۆپ ھاللاردا دېڭىز يۈزىدىن 2500 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز ، قالغان تاغلىق جايلارنىڭ يەر تۈزۈلۈشى پەس بولۇپ ، پەس تاغلىق ۋە يانتۇ كەتكەن يەلپۈگۈچسىمان لاتقىلىق چۆللۈككە مەنسۇپ .

قۇرۇقتاغدىكى شىڭدى تاغ تىزمىسى لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدىكى بىردىنبىر تاغ تىزمىسى بولۇپ ، ئۇ ، لوپنۇر بازىرىنىڭ 180 كىلومېتىر

شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، ئۇ، تەڭرىتاغ سىستېمىسىنىڭ بىر تارماق تىزمىسىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى غەربىي تاغ بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن 2782 مېتىر ئېگىز. غەربىي تاغدىن سىڭگىرنىڭ شەرقىغىچە بولغان جايلار شىمال، شەرق، جەنۇب يۆنىلىشىدە يانتۇ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 1200 مېتىردىن 1700 مېتىرغىچە پەسلەپ بارىدۇ. ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغلىق رايونلارنىڭ نىسپىي كېسىك چوڭقۇرلۇقى 200 مېتىردىن 300 مېتىرغىچە بولۇپ، تېيىز كېسىك ئوتتۇراھال تاغلىقتىن ئىبارەت.

تاغ ئارىلىقلىرىدا بىرنەچچە ئويچۇق كىچىك ئويمانلىق بار، بىر قەدەر چوڭراق بولغانلىرىدىن شىڭدى ئويمانلىقى (كۆلىمى 264.1 كۇۋادىرات كىلومېتىر)، سۆگەت ئويمانلىقى (كۆلىمى 109.6 كۇۋادىرات كىلومېتىر) بار.

قۇرۇقتاغنىڭ تاغ بۆلگۈچ چوققىسى لوپنۇر ناھىيىسى بىلەن باغراش ناھىيىسى، خوشۇت ناھىيىسى، تۇرپان شەھىرىنىڭ چېگرا سىزىقى ھېسابلىنىدۇ.

تاغلىق جايلارنىڭ يەر يۈزى يېمىرىلگەن ئاشكارا جىنس ۋە شېغىللىق چۆللۈكلەرنى ئاساس قىلىدۇ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، پەقەت يالانغان كېسىكلەر چوڭقۇرراق بولغان جىلغا ۋە ئويمانلىقلارغا قارىياغاچ، سۆگەت، پاقا تېرەك، ئازغان قاتارلىق دەرەخ ۋە چاتقاللار ھەمدە قومۇش، چىغ، نىجىم قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر تارقالغان، دېڭىز يۈزىدىن 2000 مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز جايلارغا قۇرغاق، قۇملۇق جايلاردا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ تارقالغان.

ئاساسلىق جىلغىلاردا ئاز مىقداردا تاغ بۇلاقلىرى بولۇپ، ئۈزۈلمەي ئاققان ئېقىنلار شىڭدى، سۆگەتتىن ئىبارەت ئىككى دەريا ئېقىنىنى ھاسىل قىلغان، ئۇنىڭ سۇ مىقدارى سېكۇنتىغا 200 لىتىردىن 300 لىتىرغا يېتىدۇ. تاغلىق جايلارنىڭ ئاساسلىق تۇپرىقى شېغىللىق، قۇملۇق، قوڭۇر تۇپراقتىن تەركىب تاپقان، ئايرىم جىلغىلاردا تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان قوم تۇپراق بار.

### 2. قۇرۇقتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى لاتقىلىق يانتۇ چۆللۈك

قۇرۇقتاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە تاغ يۆنىلىش-نى بويلاپ، دىئامېتىرى 12 مىللىمېتىردىن 30 مىللىمېتىرغىچە كېلىدىغان بىر قىسىم چوڭ - كىچىك يۇمىلاق تاشلاردىن تەركىب تاپقان يەلپۈگۈچسىمان لاتقىلار تارقالغان بولۇپ، ئۇلار يانتۇ كەتكەن چۆللۈكنى ھاسىل قىلغان. بۇ چۆللۈكنىڭ كۆلىمى 9775.1 كۇۋادىرات كىلومېتىر بولۇپ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 860 مېتىردىن 1200 مېتىرغىچە ئېگىز، يانتۇلۇقى 1/350 تىن 1/900 غىچە كېلىدۇ. كىلىماتى ئىنتايىن قۇرغاق، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ، قۇملۇقتا، قۇرغاق يەرلەردە ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر ئاساس قىلىنىدۇ، سېرىق كەندىر، سۆكسۆك قاتارلىقلار بار. تۇپرىقى شېغىل ئارىلاش قۇملۇق قوڭۇر تۇپراقتىن ئىبارەت.

### 3. كۆنچى، تارىم دەريالىرى بويىدىكى ئېقىندى - شامال چۆكۈندى تۈزلەڭلىك.

بۇ، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا قاراپ بىر ئاز پەسىيىپ بارىدىغان تۈزلەڭلىك بولۇپ، كۆلىمى 10 مىڭ 751.8 كۇۋادىرات كىلومېتىر، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 800 مېتىردىن 940 مېتىرغىچە ئېگىز، يەر ئۈستى يانتۇلۇقى تەخمىنەن 1/4000 كېلىدۇ، بۇ تۈزلەڭلىك كۆنچى دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىم رايونىغا جايلاشقان، بۇ ئىككى دەريا ئېقىنى كۆپ قېتىم ئۆزئارا ئېقىن ئۆزگەرتىپ بىرلىشىپ ئېقىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان تۈزلەڭلىك تۇتىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ قالغان. ھازىرقى كۆنچى دەرياسى شىمال تەرەپتىن ناھىيە تەۋەسىگە كىرىدۇ، شەرقتىن غەربكە قىيپاش ئېقىپ تۈزلەڭلىكنىڭ شەرقىي يېرىمىدىن ئۆتىدۇ، دەريانىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 574 كىلومېتىرغا يېتىدۇ. تارىم دەرياسى غەربىي تەرەپتىن ناھىيە تەۋەسىگە كىرىپ ئاندىن شەرقىي جەنۇبقا بۇرۇلىدۇ، كېيىن يەنە جەنۇبقا بۇرۇلۇپ قارادايغا بارغاندا ناھىيە تەۋەسىدىن چىقىپ كېتىدۇ، دەريانىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 614 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ ئىككى دەريا ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىكنىڭ يەر تۈزۈلۈشى تەكشى، دەريا ئەگرى - توقاي.

كۆنچى دەرياسىنىڭ دەريا قېنى چوڭقۇر، تار ھەم مۇقىم، تارىم دەرياسىنىڭ دەريا قېنى كەڭ ھەم تېيىز، كۆپلەپ لاتقا تىنىپ كېتىدۇ. تارىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دەرياسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى تارماق ئېقىنلىرى ناھايىتى كۆپ، بىر قەدەر چوڭراق بولغانلىرىدىن ئۇسمان دەرياسى، لاي دەرياسى، چايان دەرياسى قاتارلىقلار بار. 1992 ـ يىلى لوپنۇر ناھىيەسىنى رايونلارغا ئايرىش ۋاقتىدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، تارماق دەريا ئېقىنلىرى كۆپ ھاللاردا ئوتتۇرا ئېقىنغا جايلاشقان بولۇپ، تەخمىنەن 100 دىن ئاشىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆل، سازلىق، كۆلچەكلەر يۈلتۇزدەك تارقالغان. بۇ ئىككى دەريا ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىك جەھەتتە ئىلگىرى دەريا قىرغىقىدىكى يەرلەرنىڭ سۇ مەنبەسى يېتەرلىك، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن. بۇ ئىككى دەريانىڭ قىرغاقلىرىغا تارماق دەريالارنىڭ بويلىرىغا توغراق، يۇلغۇن قاتارلىق دەرەخلەر ۋە چاتقاللار تارقالغان. دەريا ساھىلى ۋە سۇ يۈزى ئەتراپلىرىدا ئوت ـ چۆپلەر بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن ھەمدە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ھىلال ئاي شەكىللىك قۇم دۆۋىلىرى تارقالغان.

تۈزلەڭلىك رايوننىڭ كىلىماتى قۇرغاق، بوران ـ قۇم ھەرىكىتى بەكمۇ تېز بولۇپ، سىلىنچەنىڭ ئاستىنقى يۈزى كۆپرەك قۇم مەنبەسىدىن تەركىب تاپقان. تۇپرىقى توغراقلىق تۇپراق، چىمەلىق تۇپراق، شورلۇق تۇپراق، قۇم ـ بوران تۇپراقنى ئاساس قىلىدۇ. دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ تۇپرىقى كۆپ ھاللاردا نەم تۇپراققا كىرىدۇ.

## 4. جەنۇبىي قۇملۇق

لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدا تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى قۇملۇقلار ۋە قۇرۇق قۇم قۇملۇقى غەربتىن شەرققە سوزۇلۇپ ياتىدۇ، قۇملۇق شىمالدىن تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكىگە سوزۇلۇپ كىرىپ، بوستانلىق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. بوستانلىق ئىچىدە كۆپلىگەن قۇملۇق يەر ئارىلىشىپ كەتكەن، قۇملۇق بىلەن قۇملاشقان يەرلەرنىڭ كۆلىمى 31 مىڭ 705.9 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 860 مېتىردىن 1040 مېتىرغىچە ئېگىز. قۇملۇقلار ئېگىز ھەم ھەيۋەتلىك قۇم دۆۋىلىرى، قۇم قىرلىرىدىن تەركىب تاپقان كۆپ شەكىللىك قۇملۇق مەنزىرىسىدىن ئىبارەت.

# تەبىئىي بايلىق

## 1. يەر بايلىقى

1985 ـ يىلى تەكشۈرۈلگەن «لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش» ماتېرىيالىدا خاتىرىلىنىشىچە، لوپنۇر ناھىيەسىنىڭ كۆلىمى 59 مىڭ 760.832 كۋادرات كىلومېتىر، يەنى 89 مىليون 640 مىڭ مو بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن (بىڭتۇەننىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تۈەن ـ مەيدانلىرىدا 41 مىڭ 808 ئادەم، ناھىيە قارىمىقىدا 31 مىڭ 753 ئادەم، جەمئىي 73 مىڭ 561 ئادەم) 6.8121 مو يەر توغرا كەلدى. 1985 ـ يىلى ناھىيە تەۋەسىدە 317 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە قارىمىقىدىكى تېرىلغۇ يەر 104 مىڭ 200 مو، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 20 مىڭ 902 بولۇپ، كىشى بېشىغا 4.98 مو تېرىلغۇ يەر توغرا كەلدى.

ناھىيە قارىمىقىدا 104 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يەر ئىچىدە ئورمان بەلۋېغى، ئۆستەڭ، يول 1535 مو يەرنى ئىگىلەيدۇ، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى 6 ـ دەرىجىلىك ئۇنۇمسىز تۇرلەر تەركىبىدىكى 3 ـ دەرىجىلىكتىن تۆۋەن بولغان تېرىلغۇ يەرلەرگە كىرىدۇ، 3 ـ دەرىجىلىك (لوپنۇر ناھىيەسى بويىچە ئەڭ ياخشى تېرىلغۇ يەر) يەرلەر ئاران 2158 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 2.07 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 4 ـ دەرىجىلىك يەر 14 مىڭ 65 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 13.49 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 5 ـ دەرىجىلىك ۋە 6 ـ دەرىجىلىك يەر 86 مىڭ 442 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 82.95 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

لوپنۇر ناھىيەسىدە يەر بايلىقىدىن پايدىلىنىش يەرلەرنى يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىشنى ئاساس قىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن، ناھىيە بويىچە ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر ئىچىدە ناھىيە قارىمىقىدىكى يەر 148 مىڭ 898 مو، بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن يەر 117 مىڭ 750 مو بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 79.08 پىرسەنتىنى، باغ يېرى 1654 مو بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 1. 11 پىرسەنتىنى، ئولتۇراق ئۆي ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەر 20 مىڭ مو بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 13.43 پىرسەنتىنى، زاۋۇت ـ كانلار-

غا ئىشلىتىلگەن يەر 1537 مو بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 1.03 پىرسەنتىنى، قاتناش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن يەر 7877 مو بولۇپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 5.29 پىرسەنتىنى، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن يەرلەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن بوز يەر كۆلىمىنىڭ 0.06 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 2. ئوتلاق، ئورمانلىقلار

1) ئوتلاق ناھىيە بويىچە جەمئىي 15 مىليون 562 مىڭ 800 مو ئوتلاق بار، ناھىيە قارىمىقىدا 15 مىليون 416 مىڭ مو ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە تەبىئىي ئوتلاق 10 مىليون 166 مىڭ 353 مو، سۈنئىي ئوتلاق 2117 مو، پايدىلانغىلى بولمايدىغان ئوتلاق 5 مىليون 394 مىڭ مو.

2) ئورمانلىق ناھىيە بويىچە جەمئىي 2 مىليون 549 مىڭ 700 مو ئورمانلىق بار، بۇنىڭ ئىچىدە توغراقلىق 996 مىڭ 700 مو، باشقا ئورمانلىقلار 1 مىليون 833 مىڭ 99 مو، چاتقاللىق 920 مىڭ 814 مو، يېقىلغۇ ئورمانلىقى 169 مو، سۈنئىي بەرپا قىلىنغان ئورمانلىق 2970 مو، كۆچەتخانا 500 مو.

## 3. ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر

1) زىرائەت زىرائەتلەردىن شال، بۇغداي، كۆممىقوناق، قىچا، كېۋەز، كاۋا، كۆك كاۋا، تەرخەمەك، سەي كاۋىسى، ئامېرىكا كاۋىسى، قوغۇن، تاۋۇز، ئالما، نەشپۈت، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالۇچا، ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئانار، ياڭاق، جىگدە، ھالۋابەدەت دەرىخى، كۈدە، پىياز، سۇڭپىياز، سامساق (قىزىل پوستلۇق، ئاق پوستلۇق)، تۇرۇپ، يازلىق تۇرۇپ، سەۋزە، پالەك، كەرەپشە، يازلىق يېسىۋىلەك، قىشلىق يېسىۋىلەك، چېچەكسەي، پېدىگەن، مۇچ، يۇمغاقسۈت، ئۈسۈلۈك، نەلۇپەر، ياڭيۇ، سەي پۇرچاق، جاڭدۇ، شوخلا، چامغۇرسىمان قىچا، كاللەك سەي، تەرخەمەك كاۋا، چامغۇر، ئارپا بەدىيان بار.

2) باشقا ئۆسۈملۈكلەر توغراق، قاپاق توغراق، پاقا تېرەك، شىنجاڭ تېرىكى، مىرزا تېرەك، كۈمۈش تېرەك، بۆك تېرەك، پولشا تېرىكى، پاكار قارا تېرەك، كىچىك بال تېرەك، روبۇس تېرىكى، قارا سۆگەت، تورۇنتال، ئاق سۆگەت، مەجنۇنتال، يۇمىلاق تاجلىق سۆگەت، يۆگىمەچ سۆگەت، قارىياغاچ، قارا سۆگەت، شىنجاڭ يوپۇرماقلىق قارىياغىچى، نانجىگدە، قاغا جىگدە، چوڭ يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن، ئۇششاق يوپۇرماقلىق ئەرمۇدۇن، شەرقىي شىمال ياسىنى، ئاق ئاكاتسىيە، چۈلۈك، قارا ئۈجمە، ئاق ئۈجمە، ياپىلاق ئارچا، سوپۇن دەرىخى بار.

چاتقاللاردىن ئۇزۇن باشاقلىق يۇلغۇن، يەرىك تۈكلۈك يۇلغۇن، قىسقا تۈكلۈك يۇلغۇن، كۆپ شاخلىق يۇلغۇن، قىرىق بوغۇمسىمان چاكاندا، ئوتتۇرا چاكاندا، پەردىلىك چاكاندا، توشقان قۇيرۇق، پىرۇنۇس بىلوبا دەرىخى، شالاڭ گۈللۈك ئازغان، بوتا قۇرۇلچاي، ئاق سۆكسۆك، باشاقلىق تۇخۇمەك، قوڭغۇراق تىكەن، يانتاق، ئۇششاق يوپۇرماقلىق قاراغان، ئالقات، ئاق تىكەن، تۆگە تاپان، ئاق پوستلۇق جۇزغۇن، ئۈچقات بار.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇششاق يوپۇرماقلىق قارا زىرىق، بېيجىڭ تېرىكى، كانادا تېرىكى، «پىئونېرلار» تېرىكى، رۇسىيە تېرىكى، يۇمىلاق تۇخۇمەك، مامكاپ، بوز ئەمەن، بوساق، لوپنۇر كەندىرى، چۈچۈك بۇيا، يالپۇز، قۇمۇش قاتارلىقلار.

3) ھايۋانلار ھايۋانلاردىن قوي، ئۆچكە، ئات، ئېشەك، خېچىر، توشقان، مۈشۈك، ئىت، توڭگۇز، تۆگە، بۇغا، توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر، قارچۇغا، ئوتخور بېلىق، كارپ بېلىق، لاقىا بېلىق، تاپان بېلىق، يېسى تۇمشۇق بېلىق (تېرىسكا بېلىق) سېرىق قورساق بېلىق (ئۈچلۈق تۇمشۇق بېلىق)، ياپىلاق بېلىق، بايقال ئاق بېلىقى، توقماق ئاق بېلىق، شەرق ياپىلاق بېلىقى، قىزىل چاسا بېلىق، ئاق تاسما بېلىق، ئاغمىخان، كىرپە، ياۋا توشقان، شەپەرەڭ، ياۋا توڭگۇز، چاشقان، ياۋا تۆگە، جەرەن، ئارقار، ئېيىق، ياۋا مۈشۈك، تۈلكە، ئىپار چاشقان، ياۋا ئېشەك، بۆرە، ئېيىق، يىلپىز، سۇلەيسۇن، مۈشۈكياپىلاق، قاغا، ئاق قۇشقاچ، قارلىغاچ، بۇدۇنە، قىرغاۋۇل، تۆمۈر تۇمشۇق، ياۋا ئۆردەك، ئۇقار، قىزىل قاشقا تورنا، ياۋا غاز، قاشقالداق، كەكلىك، ھاڭگىرت، پىلە، ھەسەل ھەرىسى، كېپىنەك، يىڭناغۇچ، ياچىۋەك، قارا چىكەتكە، ئۆمۈچۈك، ئۈزۈم قۇلۇلىسى، سازاڭ قۇرت، چارپاقا، جۇڭگو سۇ يىلىنى بار.

# سەھرادا نېمە كەم ؟

ھۈسەيىن ئاۋۇت

سەھرا شەھەردىن نەچچە ئون ، نەچچە يۈز ، نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان ، دېھقانچىلىق ، چارۋىچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان بىپايان كەڭ زېمىن .

سەھرا زېمىنى — شىنجاڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ زېمىنىنىڭ ئەڭ كو ... ىىنى ئىگىلەيدۇ . نوپۇس ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 70% دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ .

سەھرا — يېزا - قىشلاقلارنىڭ تەرەققىياتى ، دېھقان ، چارۋىچىلارنىڭ ئىلىم - پەن ، مەدەنىيەت ساپاسى ، تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە سۈپىتى پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . سەھرا تەرەققىي قىلمىسا پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىدىن سۆز ئېچىش قىيىن بولىدۇ . سەھرا نامراتلىقتىن قۇتۇلمىسا ، ئاپتونوم رايونىمىزنى ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدۇ .

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 نەچچە يىلدىن بۇيان سەھرادا غايەت زور ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى . يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى . ئەنئەنىۋى قول ئەمگىكىگە تايىنىدىغان يېزا ئىگىلىكى دەسلەپكى قەدەمدە ماشىنىلىشىشقا يۈزلەندى . يېزىلار ئېلېكترلەشتى . قاتناش ، ئالاقىنىڭ راۋاجلىنىشى تېزلەشتى . مەدەنىيەت ، مائارىپ ، سەھىيە . . . ئىشلىرى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . ئىگىلىكنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى . بەزى جايلار ، بىر قىسىم كىشىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ، ھاللىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە قەدەم قويدى .

بىراق ، ئەسىر ئالماشقان ، ئىقتىساد يەر شارىلىشىۋاتقان ، رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان ، باي - نامراتلىق بىر دۆلەت ، بىر مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ، خەلقئارادىكى ئورنى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالىنى بەلگىلەشكە يۈزلەنگەن بۈگۈنكى كۈندە سەھرا تېخى ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى . بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قورساق توق ، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخىچە ئۈنۈملۈك ھەل بولمىدى . نۆۋەتتە نامراتلىق ، نادانلىق ، قالاقلىق تالاي كىشىلەرگە مەھكەم چاپلىشىپ تۇرماقتا . شەرق بىلەن غەرب ، شەھەر بىلەن يېزا ، باي بىلەن نامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانسېرى چوڭايماقتا . بۇنىڭ بىلەن شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىشى ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئالدىغا «سەھرادا نېمە كەم ؟» دېگەن سوئالنى قويماقتا ، ھەمدە ئۇنىڭغا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا جاۋاب بېرىشكە تەقەززا بولماقتا .

دەسلەپكى تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي دەلىللەشلەرگە ئاساسلانغاندا ، نۆۋەتتە سەھرانىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئامىللار بىرقەدەر كۆپ بولۇپ ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكى ئامىل — «كەملىكلەر» سەھرانىڭ ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ ، دېھقان ، چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ، ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاشقا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا تەسىر كۆرسەتمەكتە . بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت :

## تەدبىر كەم

كونىلار : «تەدبىرىڭ قانداق بولسا ، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا تەدبىرنىڭ قانداق بولۇشى تەرەققىياتقا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ .

ئەينى چاغدىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەل-

گىلىك ئاكتىپ رول ئوينىغان بولسىمۇ، بىراق بۇ تۈزۈم يېزىلارنى، دېھقان، چارۋىچىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرالمىدى.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، يېزىلارنىڭ ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، دېھقان چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمىنى تېزلەتكەن بولسىمۇ، بىراق يىراق سەھرا، يېزا قىشلاقلاردا پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى ھازىرغىچە داۋام ئەتمەكتە. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى بوغۇپ قويىدىغان كونا، قالاق، ئەنئەنىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى ۋە تۈزۈلمىسى ئىگىلىكنىڭ يۈكسىلىشىنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ تۇرماقتا. شەھەر بىلەن يېزىلارنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى، يېزا ئىگىلىك كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، 2-، 3- خىل كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ ئاستا بولۇشى يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە. زامانىۋى ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەندىزىسى ۋە تەدبىرلىرىنىڭ تېخىچە شەكىللەنمەسلىكى، مۇكەممەل بولماسلىقى، بىر قىسىم جايلاردا دۆلەتنىڭ سىياسەت، قانۇن، نىزام ۋە بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش ۋە نازارەت قىلىشنىڭ قاتتىق بولماسلىقى، ھەتتا بىر قىسىم جايلاردا يۇقىرىدا سىياسەت بولسا، تۆۋەندە «تەدبىر» نىڭ بولغانلىقى، بىر قىسىم ئوتتۇرا ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدا «ئائىلە باشلىقى» ئىستىلىنىڭ ئېغىر بولۇشى، خىزمەتتىكى بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق، ئىستىلدا چىرىكلىشىش قىلمىشلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنمەسلىكى، ماددىي مەدەنىيەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى... يىراق سەھرا — يېزا، قىشلاقلارنىڭ تەرەققىياتىنى، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ — نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە.

### ماتارىپ سېلىنمىسى كەم

دۆلەتنى ماتارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەت ماتارىپ سېلىنمىسىنى يىلدىن - يىلغا كۆپەيتىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق بۇ مەبلەغ جەمئىيەتنىڭ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان ماتارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىغا يېتىشمىدى. يېزىلاردا بىر قىسىم دېھقان، چارۋىچىلار نامراتلىق، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ماتارىپقا، پەرزەنتلىرىنى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇشقا يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتالمىدى. شۇنىڭ بىلەن يىراق سەھرا، يېزا - قىشلاقلاردىكى مىڭلىغان ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار ئوقۇش راسخوتىنى تۆلىيەلمەي ئوقۇشتىن قېلىشقا، مەكتەپتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. «غەربىي رايونلارنىڭ بەزى يېزىلىرىدا تا ھازىرغا قەدەر توك ئومۇملاشقىنى يوق. ھەر يىلى ئوقۇش يېشىغا يەتكەن 1 مىليون ئۆسمۈر بالىلار ئوقۇش خىراجىتىنى تاپشۇرالمىغاچقا ئوقۇشسىز قېلىۋاتماقتا. ساۋاتسىزلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە». («قۇرغاق رايون جۇغراپىيىسى» 2000 - يىل 3 - سان 45 - بەت).

نۆۋەتتە ئاشۇ ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ بىر قىسمى شەھەر، بازارلاردا ئۇششاق سېتىقچى، ئاشپۇزۇللاردا مۇلازىم، رېستورانلاردا كۈتكۈچى، كوچا - رەستىلەردە تىلەمچى، ساي - جاڭگاللاردا پادىچى، ئائىلىلەردە بالا باققۇچى بولۇپ، مەنىۋى نامراتلىقتا، يېڭىچە سەرسانلىقتا ياشىماقتا. «پۈتكۈل شىنجاڭدا يوق دېگەندە 70 مىڭدىن كۆپرەك ‹باۋمۇ› بولغان بولىدۇ. دېمەك 70 مىڭدىن كۆپرەك قىزىمىز يېڭىچە قۇللۇقتا ياشاۋاتىدۇ» — («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2000 - يىل 6 - سان 21 - بەت) ئەگەر ماتارىپ سېلىنمىسى يېتىشكەن بولسا شۇنچە كۆپ بالىلار ئوقۇشسىز قالمىغان، سەرسانلىقتا ياشىمىغان بولاتتى.

### تەرەققىيات مەبلىغى كەم

ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، دۆلەتنىڭ چەت، يىراق، نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ھەم غايەت زور تەرەققىيات مەبلىغى، ماددىي ئەشيا... ياردەم قىلىشى بىلەن كەڭ يېزا - قىشلاق

www.uyghurkitap.com



لاردا غايەت زور ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلار بولغان، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئائىلىلەر دەسلەپكى قەدەمدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى ھەل بولغان بولسىمۇ، بىراق تەرەققىيات مەبلىغىنىڭ يېتىشمەسلىكى، يەرلىك مالىيە قىيىنچىلىقىنىڭ ئېغىرلىقى يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئېغىر دەرىجىدە چەكلەپ تۇرماقتا. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەسپلىشىشى، ئىجتىمائىيلىشىشى، بازارلىشىشى، يېڭى پەن ـ تېخنىكىنىڭ قوللىنىلىشى ئومۇملىشىشى مەبلەغنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن ئەلڭ تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرماقتا. سۇ ئىنشائاتى، توك، يېقىلغۇ، قاتناش، ئالاقە، يول قاتارلىق ئۇل ـ ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشى يەنە زور دەرىجىدە مەبلەغنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلماقتا. نۆۋەتتىكى ئەسلىھەلىرىنىڭ قالاقلىقى، ئۇچۇرنىڭ راۋان بولماسلىقى تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. ئۆمۈر بويى كەتمەن، ئېشەك ھارۋىسىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقان دېھقانلار، چالما تاملىق، پاكار، كۆرۈمسىز غېرىبانە قاراڭغۇ ئۆيلەر، توپا ـ چاڭ ئۆرلەپ تۇرغان يوللار، شورلىشىپ قۇملىشىپ كېتىۋاتقان يەرلەر، قاغجىراپ ياتقان دەريا ـ كۆللەر . . . سەھرادا تەرەققىيات مەبلىغىنىڭ يېتىشمىگەنلىكىدىن بېشارەت بەرمەكتە.

## ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋېتىدىغان ئوقۇغۇچىلار كەم

مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلغان بولسىمۇ، بىراق نامراتلىق، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، ئوقۇش راسخوتىنىڭ زىيادە يۇقىرىلىقىدىن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ تالاي پەرزەنتلىرى يۇقىرى مەكتەپلەرگە ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولماقتا. يۈكسەك ئارزۇ ـ ئارمانلار كۆپۈككە ئايلانماقتا. ئالىي مائارىپ ئومۇملىشىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلىكى، مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە.

## تالانتلىقلار كەم

يېزىلاردىن ئالىي ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلىرىگە بېرىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىلسېرى ئازلاپ كېتىشى يېزىلاردا ئېغىر دەرىجىدە تالانتلىقلارنىڭ كەملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. نۆۋەتتە، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ساھەسىدە، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە . . . ئورۇنلىرىدا ئالىي مەلۇماتلىق، يۇقىرى سەۋىيىلىك كەسپىي خادىملار، يېزا، كەنتلەردە ئىقتىدارلىق، يۇقىرى مەلۇماتلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ئىنتايىن ئاز ياكى يوق دېيەرلىك. ھەتتا بەزى جايلاردا، بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدا، ساۋاتسىز، چالا ساۋات، كىتاب ئوقۇمايدىغان، گېزىت ـ ژۇرنال كۆرمەيدىغان، سىياسەت، قانۇننى بىلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ كىچىك گۇرۇھىنىڭلا مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان بىر قىسىم كىشىلەر ئاۋامغا «يولباشچى»، «سەركەردە» بولۇپ ھوقۇق تۇتۇپ تۇرماقتا. يېڭى ئەسىر بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە ئەنە شۇنداق ساپاسىز، ئەخلاقسىز، مەسئۇلىيەتسىز، نەپسانىيەتچى كىشىلەرنىڭ ھوقۇق تۇتۇپ تۇرۇشى شۇ جايلارنىڭ تەرەققىياتىنى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە.

## پۇل كەم

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزىلاردا مەھسۇلات ئاشسىمۇ كىرىمنىڭ ئاشمىغانلىقى، يىراق يېزا ـ قىشلاقلاردا ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ قاتماللىقى، قالاقلىقى، دېھقانچىلىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، مەھسۇلات تۈرى، سۈپىتىنىڭ بازار ئېھتىياجىغا ماسلاشماسلىقى، دېھقانلار سېلىقىنىڭ ئۈنۈملۈك يەڭگىللىمەسلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىرىم مەنبەيى ئازىيىپ، ئەمەلىي كىرىمنىڭ ئېشىشى ئاستا بولدى. بىر ئىزدا توختاپ قالدى، ھەتتا چېكىندى. قەرزدارچىلىق ئۇنىڭ روشەن بىر مىسالى. تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، يېقىنقى يىللار-

دىن بۇيان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى يېزىلارنىڭ قەرزى نەچچە يۈز مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، مىليون، 10 مىليون يۈەنگە يەتكەن. ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. بانكىغا، يېزىغا، كەنتكە قەرزدار دېھقان، چارۋىچىلار يىلدىن - يىلغا كۆپەيگەن. پۇلنىڭ يوقلۇقىدىن قەرز قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان بىر قىسىم كىشىلەر قوي - كالىلىرىنى پۇلغا يارىغۇدەك ئائىلە بىساتىنى ھەتتا ئۆزى يەيدىغان ئاشلىقنى سېتىپ قەرز قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولسا يەنە بەزىلىرى ئاش، نان، سۇ بەرگەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ياشاپ كەلگەن ئانا يۇرتىنى تاشلاپ يىراق - يىراقلارغا مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن. گەرچە بۇ خىل ئەھۋال ئايرىم جايلاردا يۈز بەرگەن «قىسمەنلىك» دېيىلسىمۇ، بىراق «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەندەك، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شەھەر، بازارلاردا مۇساپىر، كوچا - رەستىلەردە تىلەمچى، رەمچى... لەر بارغانسېرى كۆپىيىپ، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە جەمئىيەت ئامانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە. «پۇل يوق قولىمىز قىسقا، پۇل يوق تىلىمىز قىسقا، پۇل يوق يولىمىز قىسقا، پۇل يوق ئەقلىمىز قىسقا» — رېئاللىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

## كىتاب ئوقۇيدىغان گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىدىغانلار كەم

تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە رايونلاردا كىشىلەرنىڭ بوش - بىكار ۋاقىتلىرىنى كۆپىنچە كىتاب ئوقۇش، گېزىت - ژۇرنال كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزىدىغانلىقى، رۇسىيىنىڭ چەت - يىراق يېزا - قىشلاقلىرىدا 95% دىن ئارتۇق دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار (بىزدە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كىتاب سېتىۋېلىش نىسبىتى 0.2 پىرسەنت ئەتراپىدا ئىكەن)

دۇنيا بىلىم ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن، كىتاب ئوقۇش، گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇش بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، بىر مىللەتنىڭ ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ساپاسى، خەلقئارادىكى ئورنىغا باھا بېرىدىغان مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنىڭ بىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ سەھرالىرىمىزدا كىتاب ئوقۇيدىغان، گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىدىغان ۋە ئۇنى كۆرىدىغانلارنىڭ ئازلىقى ئىلىم - پەننى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشتە، مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئېغىر تەسىر يەتكۈزمەكتە. كىتابتىكى بىلىم، ئىلغار ئىدىيە، دۇنيانىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن بىخەۋەر ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئىپتىدائىي ھالەتتە تۇرماقتا.

## ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى كەم

يېزىلاردا دېھقان، چارۋىچىلار كېسەل بولسا داۋالىنىش، ياشانغاندا بېقىلىش، قېرىپ ئەمگەك ئىقتىداردىن قالغاندا پېنسىيىگە چىقىش، ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسا قانۇن ئارقىلىق قوغداش كاپالەتلىك سىستېمىسى كەمچىل (ياكى يوق) «دېھقانلارنى كېسەل بولۇپ قېلىشتىن، قېرىلىق يېتىشتىن خۇدا ساقلىغاي. دېھقانلارغا نىسبەتەن تېببىي داۋالاش كاپالىتى دېيىلىدىغان گەپ يوق. پېنسىيىگە چىقىش دەيدىغان سۆز يوق. ئۇلار ئاغرىقنىڭ دەردىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. كېسەل بولۇپلا خانىۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۆمۈر بويى خۇدادىن ساغلاملىق تىلەپ ياشايدۇ» (شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2001 - يىل 4 - سان 46 - بەت)

ھوقۇق - مەنپەئەتى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسا (قانۇن ئارقىلىق ئۆزىنى قوغداشنى بىلمىسە) ئۆزىنىڭ شورى.

يېزىلاردا يۇقىرىقىدەك كاپالەت سىستېمىلىرىنىڭ كەم بولۇشى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتماقتا. مەسىلەن: داۋالىنىشقا قۇربى يەتمىگەن بەزى كېسەللەر ئاغرىق ئازابىنى تارتىپ ئۆيدە يېتىشقا مەجبۇر بولسا، بەزىلىرى ۋاقىتسىز ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلماقتا. دوختۇرلارنىڭ «ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىش» تەك يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىكى پۇلنىڭ ئالدىدا يېڭى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە.

## دوختۇر ئاز، دورا كەم

ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېزا بازار دوختۇرخانىلىرىنىڭ شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، داۋالاش، پەرۋىش سۈپىتى ئۆسۈپ مۇلازىمىتى ياخشىلانغان بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇن يىللىق پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدىكى سەھىيە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئاسارىتى، قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى (ئاپتونوم رايونىمىزدا 70% دوختۇرخانا، دوختۇرلار شەھەرگە مەركەزلەشكەن) سەھىيە راسخوتىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىكى قاتارلىق سەۋەبلەردىن يىراق سەھرا يېزا - قىشلاقلاردا دوختۇر، دورا كەمچىل بولۇش مەسىلىسى تېخى ئۈنۈملۈك ھەل بولمىدى. نۆۋەتتە بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام دوختۇرخانىلىرى قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى قىيىن. داۋالىنىشى تەس بولۇش پۈتۈن جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بىر مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى.

## ئىجادىي تەپەككۇر قىلىدىغانلار كەم

بىز (مەن) نېمە ئۈچۈن نامرات؟ قانداق قىلغاندا نامراتلىقتا، نادانلىقتا خاتىمە بەرگىلى بولىدۇ؟ بىلىمنى نېمە ئۈچۈن كۈچ دەيمىز؟ يېڭى ئەسىر، بىلىم ئىگىلىكى، رىقابەت، خىرىس، كومپيۇتېر، ئۈچۈر، ئىجادىيەت دېگەن نېمە؟ ھازىرقى دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى نېمە؟ بىز (مەن) نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ . . . .

نۆۋەتتە، يىراق سەھرالاردا بۇ مەسىلىنى ئويلايدىغان، ئويلىيالايدىغان، تەپەككۇر قىلىدىغانلار تولىمۇ كەم. بىراق، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە بىر ئۆمۈر يېزىدىن، كەتمەن بىلەن تاغاردىن ئايرىلالمايدىغان، تېخىچە قورساقنىڭ، كىيىم - كېچەكنىڭ غېمىدىن قۇتۇلالمىغان، شەھەرگە بېرىپ كۆرۈپ بېقىشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان، ئۆمرىدە بىر قېتىم چەت ئەلگە چىقىش نىسىپ بولمايدىغان، زامانىنىڭ رۇخسارىدىن، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن بىخەۋەر ياشاۋاتقان ئاشۇ بىر قىسىم كىشىلەردە قانچىلىك تەپەككۇر بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم «دېھقانلارنىڭ مېڭىسى ئاخىرقى ھېسابتا بەك كۆپ نەرسىلەرگە باغلىنىۋېتىلگەچكە، ئۇلاردا زامانغا لايىق جانلىق تەپەككۇرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس»

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2000 - يىل 6 - سان 38 - بەت) زامانغا لايىق تەپەككۇرنىڭ بولماسلىقى يېزىلارنىڭ، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشكە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە.

## «دۇنيانىڭ يېرىمى» كەم

11 - ئەسىردە يېزىلغان، نام - شۆھرىتى دۇنياغا مەشھۇر ئەسەر «قابۇسنامە» نى ئوقۇغان ھەربىر كىشىنىڭ كۆزىگە چوڭقۇر مەنالىق، ھەم زور ئەھمىيەتلىك مۇنداق بىر جۈملە سۆز چېلىقىدۇ. «ئالىملار: مۇنچا ‹دۇنيانىڭ يېرىمى› دېگەنىدى. چۈنكى دۇنيادا قانچىلىك راھەت بولسا، ئۇنىڭ يېرىمى مۇنچىدا» («قابۇسنامە» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1999 - يىل نەشرى 68 - بەت)

«قابۇسنامە» ئېلان قىلىنىپ 1000 يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ سەھرالىرىمىزدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كەڭ يېزا - قىشلاقلىرىدا كىشىلەرنىڭ «دۇنيانىڭ يېرىمى» توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ بۇ يېرىمى راھىتىنى قانچىلىك كۆرۈۋاتقانلىقى ئۈستىدە سوغۇققانلىق بىلەن بىر قېتىم ئويلىنىش، نۆۋەتتە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان «كىچىككىنە» بىر ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

بىز بۈگۈن شەھەرلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور نەتىجىلەرنى، ئاسمان بىلەن بوي تالاشقان قەۋەت - قەۋەت بىنالارنى، مۇنچىسى بار زامانغا لايىق رەت - رەت ئۆيلەرنى، چاقچۇقلاشقان ئالىي دەرىجىلىك رېستورانلارنى، ئاسفالتلاشقان يوللارنى، ياخشى تۇرمۇش شارائىتىدا، يۇقىرى ئىستېمال بىلەن بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى كۆرگىنىمىزدە ياكى ئەسكە ئالغىنىمىزدا، يىراق سەھرادا تېخىچە قورساقنىڭ، كىيىم - كېچەكنىڭ غېمىدىن قۇتۇلالمايۋاتقان، چالما تاملىق، پاكار، كۆرۈمسىز قاراڭغۇ ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقان، كۆڭلىرى غۇربەتچىلىكتە، بار - يوقىنىڭ غېمىدە ئۆتۈۋاتقان تالاي كىشىلەر كۆز ئالدىمىزغا كەلمەي قالمايدۇ. ئۇلار يىل ئون ئىككى ئاي ئېتىزلىقتىن

كىرمەي ئىشلەيدۇ. قىش - ياز ئالدىراشچىلىق بىلەنلا ئۆتىدۇ. ھېرىش - چارچاشتىن قاچماي، يوقسۇزلۇقتىن قورقماي، راھەت - پاراغەت قوغلاشماي، شان - شەرەپ، ئۇنۋان تەمە قىلماي، بىر ئۆمۈر تىنىم تاپماي دۆلەت، خەلق ئۈچۈن ماددىي بايلىق يارىتىدۇ. بىر ئۆينىڭ دەردىدە تارتمىغان جاپاسى، مەينەت مۇشەققەتلىرى قالمايدۇ. ھېرىپ - ئېچىپ ئىش ئەمگەكتىن قايتقاندا ئۇستىخانلىرى تەرلەپ، كىيىم - كېچەكلىرى شورلاپ قېتىشىپ كېتىدۇ. يىراق - يېقىندىكى سۇ قۇرۇلۇشى، يول - توپا قۇرۇلۇشى ئەمگەكلىرىدىن قايتقىنىدا پۇت - قول، ئۇستىۋاشلىرىدىن توپا - چاڭلار توزۇپ تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. ھەپتىلەپ، ئايلاپ سۇ كۆرمىگەن، تەرلەپ كىرلىشىپ كەتكەن ئۇستىخانلاردىن ئىچىمال تەر پۇراقلىرى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش - ئەمگەكتىن كېلىپلا، ھاشاردىن قايتىپلا مۇنچىغا چۈشكۈسى، يۇيۇنۇپ تارانغۇسى، دۇنيانىڭ يېرىم راھىتىنى كۆرگۈسى، پاكىزە، گۈزەل، سالاپەتلىك يۈرگۈسى كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ ئادەم، ئۇلۇغ ئىنسان، بايلىق ياراتقۇچى، ئادەملەرنىڭ ھايۋاندىن پەرقى ئەقىل - پاراسەتتە، پاكىزلىك، گۈزەللىكتە. ئەپسۇسكى ئۇلارغا بۇنداق شارائىت، دۇنيانىڭ بۇ يېرىم راھىتى نېسىپ بولمايدۇ. چۈنكى زامان تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنگە كەلگەندە بىزنىڭ يىراق سەھرالىرىمىزدا ئاز بولمىغان كىشىلەر تېخىچە مۇنچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بەزىلەر مۇنچىنى، مۇنچىغا چۈشۈشنى خىيالمۇ قىلمايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى ھازىر مۇنچا، پاكىزلىك، گۈزەللىك ئەمەس، بەلكى قورساقنىڭ غېمى. ئىشنىڭ غېمى، تۇرمۇشتىكى بار - يوقنىڭ غېمى، ئۇلار تېخىچە تويۇنۇش، كىيىنىش غېمىدىن قۇتۇلالمىغان. «ھازىر ئېلىمىزدىكى كىيىنىش، تويۇنۇش مەسىلىسى تېخىچە ھەل بولمىغان 30 مىليون ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا» («جۇڭگو مىللەتلىرى» 2001 - يىل 4 - سان 17 - بەت). تويۇنۇش، كىيىنىش غېمىدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، تۇرمۇشتىكى بار - يوقنىڭ غېمىدىن قۇتۇلالمىغان كىشىلەر قانداقمۇ مۇنچىنى ئويلىسۇن؟! ئويلىسىمۇ ئۇلارغا مۇنچا نەدە؟ يىراق سەھرالاردا ئاممىۋى مۇنچا يوق. ئائىلىلەردە ئائىلە مۇنچىسىدىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ قىيىن. ياز كۈنلىرى دېھقانلارنىڭ مۇنچىسى ئېرىق - ئۆستەڭ، دەريا ياكى كۆل. قىش كۈنلىرى مۇنچىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇش ئۇلارغا نېسىپ بولمايدۇ. پەقەت چوڭلار ئادەت ۋە زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئانچە - مۇنچە بىر ئىسسىق (چەيىنەك) سۇنى ئۆينىڭ خالىغان بىر بۇلۇڭىدا لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ بېشىدىن بىرلا قويۇپ، ئۇستىۋېشىنى چالا - بۇلا ھۆل قىلىپ «يۇيۇنىدۇ» خالاس. مانا بۇ دېھقانلارنىڭ 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغان دەۋردىكى ئائىلە مۇنچىسى. يېزىلاردا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان بالىلار، 10 نەچچە ياشقا كىرگەن ياش - ئۆسمۈرلەر مۇنچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. قىش پەسلىدە بەدىنى ئاي - ئايلاپ سۇ كۆرمەيدىغان بالىلار ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ قاپقارا چاچلىرىنىڭ ئاستىدا تۇڭرا - كېپەكلەر ئۆرلەپ تۇرىدۇ. قۇلاقلىرىغا كىر تولغان، بويۇنلىرى كىر - قاسماق، يۇيۇقسىز بەدىنىدىن سېسىق تەر پۇرىقى، سەبىي ئۇماق بالىلاردىن سۈيدۈك پۇرىقى كېلىدۇ. بۇ بالىلارنىڭمۇ يۇيۇنغۇسى، سۇغا چۆمۈلگۈسى، پاكىزە ساغلام چوڭ بولغۇسى كېلىدۇ. ئاتا - ئانىلىرىنىڭمۇ ئۆز بالىلىرىنى يۇيۇپ، تاراپ، چىرايلىق باققۇسى كېلىدۇ. دۇنيانىڭ يېرىم راھىتىنى ئۇلارغا بەرگۈسى كېلىدۇ. لېكىن ئارمانغا چۈشلۇق دەرمان يوق. راستىنى ئېيتقاندا ھازىرقى ۋاقىتتا يىراق سەھرادىكى نۇرغۇن دېھقان ئائىلىلىرىدە مۇنچا ئەمەس بەلكى تازىلىق تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھاجەتخانا، ھەتتا ئاشخانىنىمۇ كۆرگىلى، تاپقىلى بولمايدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، نۆۋەتتە بىزنىڭ بىر قىسىم جايلىرىمىزدا، يىراق سەھرالاردا تالاي كىشىلەر تېخىچە مۇنچىدىن ئىبارەت دۇنيانىڭ بۇ يېرىم راھىتىدىن مۇستەسنا ياشىماقتا. نامراتلىق، نادانلىق كىشىلەرنىڭ پاكىزلىقى، ساغلاملىقى، گۈزەللىكىگە خىرىس قىلماقتا. ھەرخىل كېسەللىكلەر كۆپىيىپ، غەيرىي كېسەللىكلەر پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىغا ئېغىر خەۋپ يەتكۈزمەكتە.

پاكىزلىك — ئىنسان خىسلىتى، ئادەم زىننىتى. ئۇ، ئادەمگە ساغلاملىق، گۈزەللىك ئاتا قىلىدۇ. ھاياتقا مۇھەببەت ئويغىتىدۇ. بەرىكەت ۋە نۇسرەتكە يول ئاچىدۇ. روھنى ئۇرغۇتۇپ ئەقىلنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇزۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كى، مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ كونكرېتنى ئىپادىسى.

مۇنچا — ئادەملەرنىڭ پاكىزلىقى، ساغلاملىقى، گۈزەللىكىنى نامايان قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر تۇرمۇش ۋاستىسى، مەدەنىيەت سورۇنى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم قەرەللىك، مۇۋاپىق مۇنچىغا چۈشۈپ بەرسە بەدەن پاكىزلىنىدۇ. ئورگانىزمغا يېپىشىپ تۇرغان مەينەتچىلىك ۋە كۆپ خىل كېسەللىك مىكروبلىرىنى تازىلاپ، تېرىنىڭ يۇمشاقلىقى، ئېلاستىكىلىقى، پارقىراقلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تەبىئىي گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ. بەدەننىڭ كېسەلگە قارشى ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بەدەندە قان ئايلىنىشىنى ياخشىلاپ، ماددا ئالمىشىشنى تېزلىتىپ، ھارغىنلىقنى تۈگىتىدۇ. ئىشتىھانى ئېچىپ، ئۇيقۇنى ياخشىلاپ، روھنى ئۇرغۇتىدۇ. ھەرقانداق ئادەم مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن ھاردۇقىنىڭ چىقىپ، يەڭگىللەپ، روھىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ، تېتىك، چاققان، گويى ـ پىكىرلىرىنىڭ چوڭقۇرلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ . . . بۇنىڭدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ: «مۇنچا: — دۇنيانىڭ يېرىمى، دۇنيادا قانچىلىك راھەت بولسا، ئۇنىڭ يېرىمى مۇنچىدا» دېگەن سۆزىنىڭ بىكارغىلا ئېيتىلمىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مەشھۇرلىقىنى، رېئال ئەھمىيىتىنىڭ زورلىقىنى ھېس قىلماق قىيىن ئەمەس ئەلۋەتتە.

مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئېلىمىزنىڭ تەرەققىي قىلغان رايونلىرىدا، شۇنداقلا قوشنا دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ كەڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا مۇنچا ھەربىر ئائىلىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تۇرمۇش ۋاستىسىغا ئايلانغان «سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا . . . ھەرقانداق ئۆيدە، مەيلى چەت يېزا ـ قىشلاق بولسۇن ياكى شەھەرلەردە بولسۇن كېچە ـ كۈندۈز ئىسسىق سۇ تەييار تۇرىدۇ. ئېلېكتر، گاز، ئىسسىق سۇ بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئېڭىدا ئەڭ ئەقەللىي تۇرمۇش ۋاستىلىرى ھېسابلىنىدۇ» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1998 ـ يىل 5 ـ، 6 ـ (قوشما) سان 10 ـ بەت)

بۇ ئەھۋال بىزنىڭ سەھرالىرىمىزنىڭ ئېلىمىزنىڭ تەرەققىي قىلغان رايونلىرى ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئىلگىرى خارابلاشقان «يىپەك يولى» نىڭ قايتا ئېچىلىشى ۋە جانلىنىشىغا ئەگىشىپ، خەلقىمىز ئارىسىدىن سودا، تىجارەت، تۇغقان يوقلاش ۋە ھەج ئىشلىرى پائالىيىتى بىلەن چەت ئەللەرگە بېرىپ ـ كېلىدىغانلار يىلسېرى كۆپەيمەكتە. مەيلى ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارغا بېرىپ، ياكى چەت ئەللەرگە چىقىپ سودا، تىجارەت قىلغان، تۇغقان يوقلىغان، ھەج ئىشلىرى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار بولسۇن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزىنىڭ پاكىزلىقى، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى بىلەن شۇ بارغان دۆلەت ۋە رايونلاردا ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، تېخىچە مۇنچىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان، كۈندە ئەمەس ئايدا بىر قېتىم مۇنچىغا چۈشمەيدىغان، مۇنچىغا چۈشەي دېسىمۇ چۈشەلمەيدىغان، مونچىغا چۈشۈش ئادەت بولمىغان بەزى ئادەملىرىمىز ئۆز ئورنىدىكى نادان، قالاق، پاسكىنا، مەينەت، ناچار، مەدەنىيەتسىز قىلمىشلىرىنى شۇ بارغان دۆلەت ۋە رايونلارغىمۇ ئېلىپ بېرىپ، دۆلەتكە، مىللەتكە، خەلقىمىزگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان ياۋايىلىقلارنى قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ شانلىق ئوبرازىغا داغ تەگكۈزدى «راست گەپنى قىلغاندا يۇرتىمىزدىن ھەجگە كەلگەن ئادەملەرنىڭ مۇشۇ شەخسىي تازىلىقىدىن تىلىمىزمۇ، يۈرىكىمىزمۇ قىسىلىدۇ. ھەتتا تەرىتىنى سۇ بىلەن چۈشۈرۈۋەتسە يامان بولىدۇ، دەپ سومكىغا چالما سېلىپ يۈرگەن، سۇلۇق ھاجەتخانىنى چالما بىلەن توشقۇزۇپ قويۇپ، نىجاسەت يامراپ چىقىپ كەتكەن ئىشلارمۇ تالاي بولدى. نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولدۇق. كىيىملەرنى پاكىز كىيىڭلار، مۇنچىغا چۈشۈڭلار دېسەك بىزنى ياراتمىدى. بىز دېگەن مۇشۇنداق ئادەتلەنگەن دەپ تەتۈرلۈك قىلىپ خاپا بولدى. بىزمۇ نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي قالىمىز» («يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» دىن . . . )

يېڭى ئەسىرگە، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە دۇنياۋى ئىلغار مىللەتلەر بىلىمگە ھېرىسمەنلىكى، مەدەنىيەتلىكلىكى، پاكىز، ساغلام، روھلۇق، تېتىك، يۈكسەك تەرەققىيات ئۈستۈنلۈكى بىلەن يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويماقتا.

ئەپسۇسكى، بىزنىڭ يىراق سەھرا، يېزا ـ قىشلاقلىرىمىزدا 21 ـ ئەسىر، بىلىم ئىگىلىكى، رىقابەت، خىرىس، ئۇچۇرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى

بىلمەيدىغان، كومپيۇتېر ئۇخلىسا چۈشكىمۇ كىرمەيدىغان، ئەقەللىيسى مۈنچىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان، ئاي ـ ئايلاپ بەدىنى سۇ كۆرمەيدىغان مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىلىرىمىز ئوتتۇرا ئەسىر ئېڭى ۋە تۇرمۇش قارىشى بىلەن ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىقنى يۇدۇپ، هازىرقى تەرەققىياتتىن، رىقابەتتىن خەۋەرسىز بىغەم هالدا يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلمەكتە. «بىز ئوتتۇرا ئەسىر ئىگىلىك شەكلىدە تۇرۇپ، ئىنتېرنېت دەۋرىدە هېچقانداق كىرىزىس هېس قىلماي ياشاۋاتقان بىغەم كىشىلەرمىز، تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، بىز ۋەيران بولغان مىللىي ئەقىدە ۋە مەدەنىيەتنىڭ خارابىسىدىكى ئۆلۈم ئۇسۇلىنى كۈلۈپ ئويناۋاتىمىز» («تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 99 ـ يىل 3 ـ سان 39 ـ بەت)

دەۋرنىڭ روهىغا مۇخالىپ بولغان، ئەجدادلارنىڭ روهى ئۆكۈنىدىغان، بۇ خىل هالەت، نۆۋەتتە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئىختىيارسىز هالدا بۇ نامراتلىقتىنمۇ ياكى نادانلىقتىنمۇ؟ دېگەن سوئالنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.

يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويغان، دۇنيا بىلىم ئىگىلىكىگە يۈزلەنگەن، ئىقتىساد يەرشارىلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىققا خاتىمە بېرىش، شەهەر بىلەن يېزا، باي بىلەن نامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئازايتىش دەۋرنىڭ تەلىپى، ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى، مىليونلىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. يېڭى ئەسىردىكى كۈچلۈك خەلقئارا رىقابەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇشنىڭ ئاساسى.

ئەگەر، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەهمىيەت بېرىلمىسە، خەلقىمىز، مىللىتىمىز ئۇزۇن مۇددەت ماددىي ۋە مەنىۋى نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىسا، كىشىلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ساپاسى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە، رىقابەت، خىرىس، ئۇچۇر ئېڭى ئۆسۈپ يېتىلمىسە، دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئىپتىدائىي هالەتتىن ئۆزگەرمىسە، پاكىزلىقى، ساغلاملىقى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە بولمىسا، نامراتلىق، نادانلىققا ئومۇميۈزلۈك خاتىمە بېرىلمىسە، مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ دۇنياۋى ئىلغار مىللەتلەر بىلەن بولغان پەرقىنى ئازايتقىلى، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، هاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولمايدۇ. يېڭى ئەسىردىكى كۈچلۈك رىقابەت، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشىمۇ قىيىن بولىدۇ.

سەهرادىكى تۈرلۈك «كەملىك» لەرنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ، شەهەر بىلەن يېزىنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ۋەزىيەتتە مەۋقەنى يېزىلارغا قويۇپ، سەهرانىڭ، چەت ـ يېراق، نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە بولغان رەهبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم. شەهەر بىلەن يېزىلارنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، يېزىلارنىڭ نامرات، قالاق هالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەك. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، هەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، قۇرۇلمىنى تەڭشەپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش لازىم. مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم ـ پەن مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ساپاسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىشكە ئەهمىيەت بېرىش لازىم. تۈرلۈك ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىلىرىنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئۇنى مۇستەهكەملەپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇنلۇق هوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. دۆلەتنىڭ «نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۆتكەلگە هۇجۇم قىلىش پىلانى» بويىچە نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپى بويىچە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، كىشىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شەهەر بىلەن يېزىلارنىڭ ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلىشىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

مۇئەللىپ: يېڭىسار ناهىيىلىك سەهىيە ئىدارىسىدىن

# ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادى پائالىيىتى ھەققىدە تەلقىنلىق سۆھبەت

غەيرەتجان ئوسمان

B . ئەسئەت سۇلايمان «شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسەچىلىك ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى» دېگەن تېمىدا دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلىماقچى بولۇپ ، تېمىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىدا بىر قېتىم غەۋغا كۆتۈرۈلگەن ، بۇ قانداق ئىش .

B . ئەسئەت سۇلايمان جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىدا تەتقىقاتچى لاڭ يىڭ خانىمنىڭ يېتەكلىشى بىلەن دوكتور ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇدى . ئۇ 1999 ـ يىلى ئاسپىرانتلىق ماقالىسى «شەرق ئەدەبىياتىدا خەمسەچىلىك ھادىسىسى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بولغان تەسىرى» دېگەن تېمىنى تاللاپ ، لاڭ يىڭ خانىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دەسلەپكى قېتىملىق تېمىنى تاللاپ مۇزاكىرە قىلىش مەجلىسىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويغان . ئەسئەت مۇۋاپىق مەسلىھەت بېرىپ ، تېمىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەستىقلىنىشىغا پايدىسى تېگىپ قالار ، دېگەن ئۈمىد بىلەن بېيجىڭدىكى مەلۇم ئالىي مەكتەپتىكى چەت ئەلدە ئوقۇغان ئۇيغۇر دوتسېنت ، كاندىدات دوكتور ××× ئەپەندىنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىش ھەققىدە لاڭ يىڭ خانىمغا قايتا ـ قايتا ئېيتقان . لاڭ يىڭ خانىم كۆپ ئويلىنىپ ، بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپ ، ××× تەكلىپ قىلىنغان . بۇ مەجلىسكە ئاتاقلىق ئالىملاردىن ليۇ كۇيلى قاتارلىق 6 — 7 ئادەم قاتناشقان . مەجلىسكە قاتناشقانلارنىڭ ئىچىدە ××× ، ئەسئەتتىن باشقىلىرى خەنزۇ مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ ، ئۇلار ئەسئەتنىڭ تاللىغان تېمىسى ، مەزمۇن نۇقتىلىرى ، يورۇتماقچى بولغان ئىدىيە توغرىسىدىكى تەپسىلىي يەتكۈزمىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ئۆزلىرىنىڭ تولۇقلىما پىكىرلىرىنى بەرگەندىن باشقا ، ئاساسىي جەھەتتىن ئەسئەتنىڭ تېمىسىنىڭ مۇۋاپىق تاللانغانلىقىنى ئېيتقان . ئاخىرىدا ، ××× ئەپەندى سۆزگە چىقىپ نەۋائىينىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدا نۇقتىلىق توختالغان . ئۇ ، نەۋائىينى ئۇيغۇر دېيىشكە ، ئۇنىڭ «خەمسە» سىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەركىبىي قىسمى دېيىشكە بولمايدۇ . بۇ ھەقتە خەلقئارادا قاتتىق تالاش ـ تارتىش بار . ئۆزبېكىستاندا ئۆزبېكلەر نەۋائىينى ناھايىتىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلغان . ئۇلار نەۋائىينى ئۆزبېك شائىرى دەيدۇ ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىرى تولۇق . يېقىندا دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن ئۆزبېكىستاننى زىيارەت قىلغاندا ، تاشكەنتتىكى نەۋائىي ھەيكىلى ئالدىغا بېرىپ ، دۆلەت نامىدىن نەۋائىي ھەيكىلىگە ئېھتىرام بىلدۈردى ھەم گۈل چەمبىرەك تەقدىم قىلدى . بۇنداق ئەھۋالدا بېيجىڭدا ياقلىنىۋاتقان دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ئىچىدە نەۋائىينى ئۇيغۇر دېيىلىدىغان بولسا ، جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە تەسىر يېتىدۇ . نەۋائىي مەسىلىسى كىچىك ئىش ياكى ئىلمىي مەسىلە ئەمەس ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇ خەلقئارالىق مەسىلە دېگەندەك ھەۋتىشەملىك گەپلەرنى قىلىپ ، بىر كۈن ئېچىلغان ئاشۇ قېتىملىق مەجلىسكە سوغۇق سۇ چېچىپ ، ئەسئەتنىڭ تېما تاللاش ئىشىنى نۆلگە تەڭ قىلىپ قوياي دېگەن .

يىغىنغا قاتناشقان خەنزۇ مۇتەخەسسىسلىرى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ، بەزىلىرى ئاتالمىش مۇنداق مۇرەككەپلىكلەرنى ئۇقۇپ ھەيرانۇ ـ ھەس بولۇشۇپ ، مۇبادا ئەھۋال راست مۇشۇنداق ئالاھىدە بولىدىغان بولسا ، بۇ تېمىدا دىسسېرتاتسىيە ياقلاشقا بولمايدىكەن ، ياكى مەزكۇر ماقالىنىڭ مەزمۇن قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش لازىمكەن ، دەپ قاراشقان . شۇ قېتىملىق يىغىندىن كېيىن لاڭ

ياڭ خانىم ۋە ئەسئەتلەر دىسسېرتاتسىيىنىڭ مەزمۇن خاراكتېرى توغرىسىدا قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ ھەم بەلگىلىك ئۆزگەرتىش قىلىپ، خەنزۇ مۇتەخەسسىسلەر بىلەن قايتا ـ قايتا كۆرۈشۈپ ھەم ئۇلارنىڭ تەكرار پىكرىنى ئېلىپ، ئاخىرى دىسسېرتاتسىيىنى ئۇتۇقلۇق تاماملىغان، شۇنداقلا دىسسېرتاتسىيە ياقلاش يىغىنىدا، بېيجىڭدىكى نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەردىن تەشكىللەنگەن باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەستايىدىل قاراپ چىقىشىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، لاياقەتلىك بولۇپ باھالانغان. ئەسئەت سۇلايمان شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاسپىرانتلار ئىنستىتۇتىنىڭ «دوكتورلۇق شاھادەتنامە» سىگە ئېرىشكەن ھەم جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بويىچە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە شاھادەتنامىگە ئېرىشكەن تۇنجى ئۇيغۇر دوكتور بولۇپ قالغان. دېمەك، بەزى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى نەۋائىي توغرىسىدا شىنجاڭدىلا غەۋغا ۋە ئېلىشمانچىلىق چىقىرىپ قالماستىن، بېيجىڭدىمۇ چىقىرىشقا ئۇلگۈرگەن. ئۇيغۇرنىڭ ھاماقەتلىرى ھەممە يەرگە يېيىلغانلىقىنى كۆرگەندە ئىچىدە ئۆرتەنمەكتىن باشقا ئامال يوق.

B . ××× ئاپتور «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» داستانى بىلەن ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» ناملىق داستانى توغرىسىدا سېلىشتۇرما تەتقىقات» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلغان، بۇ زادى قانداق ئىش.

A . ××× دېگىنىمىز ئەسلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى 1985 ـ يىلى تاماملىغان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەلۇم نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيدۇ. ئۇ ئالىي مەكتەپنى تاماملايدىغان چاغدا يۇقىرىقى تېمىدا ئوقۇش تاماملاش دىسسېرتاتسىيىسى يېزىپ، شۇ مەكتەپتىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ۋە باھالىغۇچى ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن ئاتالمىش «ياخشى» بولۇپ باھالانغان. بۇ ئوقۇغۇچى ئۈرۈمچىگە خىزمەت تەقسىم قىلىنىپ كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى «ياخشى» ماقالىسىنى ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھوزۇرىدا چىقىرىلىدىغان شىنجاڭ «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ناملىق ژۇرنالغا بېرىپ ئېلان قىلدۇرماقچى . بولغان ۋەھالەنكى ماقالا ئېلان قىلىنماي بىر مەزگىل تۇرۇپ قالغان. ××× ئالاھىدە تەھرىر بۆلۈمىگە بېرىپ ماقالىنى سۈرۈشتە قىلغان. ژۇرنال مەسئۇلى ئابلەت نۇردۇن ئاپتورغا ماقالا ئىشلىتىلمەيدىغان بولدى، دېگەن. ئاپتور نېمىشقا ئىشلىتىلمەيدۇ، دېگەندە ماقالىدا ئالغا سۈرمەكچى بولغان مەزمۇن مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن، بۇنىڭغا كونكرېت جاۋاب ئالماقچى بولسىڭىز ژۇرنالنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇشۈكۈر تۇردى ئەپەندىنى ئىزدەڭ، دەپ جاۋاب بەرگەن. ××× ئاپتور ئالاھىدە ئابدۇشۈكۈر ئەپەندىنى ئىزدىگەن. ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى ئاپتورغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن:

سىز ماقالىڭىزدا ئەلىشىر نەۋائىي ۋە ئابدۇرېھىم نىزارىيلارنىڭ ئىككى داستانىنى سېلىشتۇرما ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇپ چىقىپسىز. سېلىشتۇرۇش مۇددىئايىڭىز ئەقىلگە مۇۋاپىق، بىراق «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» تىن ئىبارەت پەننىڭ تۈپ خاراكتېرى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئىلمىي سېلىشتۇرۇش بولماي قاپتۇ. سېلىشتۇرما ئەدەبىيات ماھىيەت جەھەتتىن ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق مىللەت (دۆلەت) ئەدەبىياتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئوخشاشلىق، ئۆز ئارا مۇناسىۋەت ۋە ئۆز ئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ھەرقايسى مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇتىدىغان، دۇنيا ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارىدىغان پەن، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، سىز سېلىشتۇرماقچى بولغان ئىككى داستاننىڭ ئاپتورى ئىككى مىللەتكە تەۋە بولغان ئەھۋالدا ئاندىن «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» پەنىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئىلىم دائىرىسى ئىچىدە، ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىنى تەتبىقلاپ، ئۆزىڭىزنىڭ سېلىشتۇرما قىلىش قارىشىڭىزنى بايان قىلغان بولسىڭىز بولاتتى. تارىخىي ماتېرىياللاردا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپلۇقى ناھايىتى ئېنىق قەيت قىلىنغان، بۇنى ئىلىم ئەھلى ئوبدان بىلىدۇ. ئابدۇرېھىم نىزارى تارىختىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭ مەركەزلىرىدىن بىرى قەشقەر شەھىرىدە ياشىغان، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېمەك، مەيلى ئەلىشىر نەۋائىي بولسۇن، مەيلى
ئابدۇرېھىم نىزارى بولسۇن ئوخشاشلا ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ سىمالىرى. ئۇلار
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆچ-
مەس خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن. بۇ ئىككى ئۇلۇغ
سىمانىڭ ئىككى نادىر ئەسىرىنى پەقەت بىر مىللەت
ئەدەبىياتىدىكى ۋارىسلىق قىلىنىش، تەسىر ئېلى-
نىش نۇقتىسىدىن سېلىشتۇرۇپ تەھلىل قىلىشقى-
لا بولىدۇ، ئەمما، «سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» تىن
ئىبارەت بۇ پەننىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا
تەتقىقات ئېلىپ بېرىلسا، بۇ ئىلمىي سېلىشتۇرۇش
بولماي قالىدۇ. مانا مۇشۇنداق سەۋەب بولغانلىقى
ئۈچۈن سىزنىڭ بۇ ماقالىڭىزنى «شىنجاڭ ئىجتى-
مائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلمى-
دۇق.

××× بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپ-
لەنگەن ھەم ئىدىيە جەھەتتە زادى قوبۇل قىلالمى-
غان. ئۇنداق بولسا، مەن سىزگە پاكىت تېپىپ
بېرەي، دەپ شۇ سائەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ
شىمالىدىكى بېيجىڭ جەنۇبىي كوچىسىنىڭ 16 ـ
قورۇسىغا جايلاشقان ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسى ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ، ئاپتوبۇسقا
چىقىپ 10 نەچچە كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ،
ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىدىكى يەنئەن يولىغا جايلاشقان
شىنخۇا كىتابخانىسىدىن يولداش قادىر ئەكبەر تەي-
يارلىغان «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى» ناملىق
كىتابتىن ئاتايتەن بىرنى سېتىۋېلىپ، كەينىگە
يېنىپ، يەنە ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادې-
مىيىسى قورۇسىغا بېرىپ، ئابدۇشۈكۈر تۇردى
ئەپەندىگە كىتابنى كۆرسىتىپ، مانا بۇ كىتابتا
نەۋائىي ئۆزبېك دېيىلگەن، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى بۇ كىتابنى نەشر قىلات-
تىمۇ، مېنىڭ ماقالامنى ئېلان قىلىپ بەرمىسەڭلار
بولمايدۇ. مەن بۇ ماقالىنى كۆپ زېھنىمنى سەرپ
قىلىپ، مىڭبىر جاپادا يازغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، يېتەكچى ئو-
قۇتقۇچى ياخشى باھالىغان، مەكتەپتە تەسىرى ياخ-
شى بولغان، دەپ قايتا ـ قايتا ئېيتقان.

ئابدۇشۈكۈر ئەپەندى چوڭقۇر ئويلانغاندىن
كېيىن مۇنداق دېگەن: قادىر ئەكبەر تەييارلىغان
كىتابنىڭ نەشردىن چىقىش جەريانىنى مەنمۇ بىلى-
مەن، بۇ كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى ئايرىم ئەھ-
ۋال. بۇ كىتابتا ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزبېك دېيىلىش
بىلەن ھەم كىتابنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نە-
شر قىلىشى بىلەن ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزبېك شائى-
رى، دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغىنى يوق. شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتى شىنجاڭدىكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ
ئۆز كۆزقاراشلىرى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلىرىنى نە-
شر قىلىۋېرىدۇ. بىزنىڭمۇ ئۆزىمىز ئاساسلىنىدى-
غان تارىخىي پاكىتىمىز بار. بىز تارىخىي پاكىتقا
تايىنىمىز. كېيىنكى كىشىلەر قىياسى ئوتتۇرىغا
قويغان قاراشلىرى بولسا، ئۇ شۇلارنىڭ ئىشى.
پرىنسىپال بولۇپمۇ تارىخىي مەسىلىلەرنى قىياس
ياكى پەرەز، مۇنداقچە دەپ قويغان گەپلەر بىلەن
ئەمەس، بەلكى تارىخىي پاكىت ئارقىلىق دەلىللەش
تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ پرىنسىپلىرىدىن بىرى.
گەپنىڭ قىسقىسى، سىزنىڭ ئەلىشىر نەۋائىي بىلەن
ئابدۇرېھىم نىزارىيلارنىڭ «پەرھاد ۋە شېرىن» نام-
لىق داستانلىرى توغرىسىدىكى سېلىشتۇرما ئەدەبى-
يات پرىنسىپلىرى بويىچە قىلىنغان بۇ ماقالىڭىز
«سېلىشتۇرما ئەدەبىيات» پېنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە
ماس كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ش ئۇ ئا ر ئىجتىما-
ئىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى باشقۇرۇۋاتقان ژۇرنال
سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنسا مۇۋاپىق بولمىغان بو-
لىدۇ.

شۇنداق قىلىپ ×× يولداش ئامالسىز ماقا-
لىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، يەنئەن يولىدىكى ئائىلى-
سىگە قايتىپ كەلگەن.

بۇ كومېدىيىلىك ۋەقە يۈز بېرىپ يېرىم يىللار
ئۆتكەندىن كېيىن، ×× بىلەن مەن ۋاقىتلىق بىر
خىزمەتتە بىرگە بولۇپ قالدىم. شۇ چاغدا، ماڭا
ئۇ يۇقىرىقى گەپلەرنى تەپسىلىي ھېكايە قىلىپ
بەردى ھەم مۇنداق قوشۇمچە قىلدى: مەن بۇ ماقا-
لەمنى چوقۇم ئېلان قىلدۇرۇپ، ئابدۇشۈكۈر تۇر-
دى، ئابلەت نۇردۇنلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ
كۆرسىتىمەن . . . ئەگەر ئەلىشىر نەۋائىي ئۆزبېك
بولمىسا، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نېمە ئۈچۈن
«شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى» دېگەن كىتابنى نە-
شر قىلىدۇ . . . مەن ماقالا ئۈچۈن ئاز مېھنەت
سەرپ قىلمىغان. ھەم بۇ ماقالا مەكتەپتە ياخشى
باھالانغان تۇرسا.

مەن ×× يولداشنىڭ يۇقىرىقى ئېيتقانلىرى-
نى ئاڭلاپ، پەقەت ئىنكاس بىلدۈرمىدىم. چۈنكى
بىلدۈرگەن ھەرقانداق ئىنكاسىم بۇ يىگىتنىڭ تارى-

خىي پاكىتلارنى نەزەرگە ئالماي تەرسالىق بىلەن ئېيتىۋاتقان گەپلىرى ئالدىدا ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلالمايدىغانلىقىنى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى . ئەمما ئىچىمدە نېمىلەرنى ئويلاپ كەتكەنلىكىمنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتۈش ئارتۇقچە ئىش .

ئالدىمدا تۇرغان بۇ يىگىت ئۇيغۇرلارنىڭ مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلىرىدىن بىرى ××× ۋىلايىتىدە بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان . ئالىي مەكتەپنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى قەشقەر شەھىرىدە ئالغان . ھېلىقى ماقالىسىغا يېتەكچىلىك قىلغان ھەم ياخشى باھالاپ بەرگەنلەرمۇ قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكى خېلى بىلىمى بار دەپ قارالغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلار . بۇ يىگىت يەنە كېلىپ ئۇرۇمچىدىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگىنىگە بىرقانچە يىل بولغان . ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي ھەم ئاددىي ماقالىسىنى كۆپ كۈچ چىقارغانلىق ، ئاتالمىش ياخشى باھالانغانلىق ھەم مۇنداقچە [illegible] نەشر قىلىنىپ «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى» ناملىق كىتابىنىڭ تەسىرى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىدە ، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ نەشر ئەپكارى سەھىپىسىدە ئېلان قىلدۇرۇشقا ئالدىراشتىكى سەۋەب شەكىل ئۈچۈنمۇ ، ماقالىنى ئېلان قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە ، ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان - تۇرالمايدىغانلىقىغا تارىخىي پاكىت ئاساسىغا تايىنىلغان - تايىنىلمىغانلىقىغا ، ئومۇمىي مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە ھەمدەمدە بولالايدىغان - بولالمايدىغانلىقىغا ، ئۆزىدە ئۆزى مەنسۇپ بولغان مىللەت ھەققىدە بىرەر چۈشەنچە بار - يوقلۇقىنى نېمە ئۈچۈن دەڭسەپ كۆرمەيدىغاندۇ ، بۇ مىللەتتىن چىققان بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ قانداقتۇر ئاتالمىش ئايرىم مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئورۇنسىز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەشكە ھېرىسمەندۇ . كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىلا كۆرۈۋېلىپ ، يىراقلارغا نەزەر تاشلىيالمايدىغاندۇ ، بۈگۈننى كۆرۈپ ، ئۆتمۈشنى ئەسلەپ ، كەلگۈسىگە قارىيالمايدىغاندۇ ، ئازغىنە شەخسىي جاپا تارتىشتىن ۋاز كېچەلمىسە ، ئىلىم - پەنگە ۋە ئومۇمىي مىللەتكە قانچىلىك زىيان بولىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشمايدىغاندۇ ، دېگەنلەر مېنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالىمنى چىرمىۋالدى . ھېسسىياتىمنى ھەرقانچە قىلساممۇ راۋان ئىپادە قىلىشقا ماجالىم يەتمەيتتى . بۇ خىل ئىشلار نادانلىقتىن بولۇۋاتامدۇ دېسەم ، بۇ يىگىت ئالىي مەكتەپنى تاماملىغان ، مەھكۇملۇقتىن بولۇۋاتامدۇ ، دېسەم ، ھەممىمىز ھۆر ، ئازاد زاماندا ياشاپ تۇرۇۋاتىمىز ، بۇ يىللاردا بىزنىڭ نەۋائىي ھەققىدە پىكىر قىلىشىمىزنى ھېچكىم چەكلىمىگەن تۇرسا ، بۇ خىل ئىسەنگىرەش ۋە بىغەرەزلىك زادى نەدىن كەلدى .

B . ئاڭلىسام 1990 - يىللار ئىچىدە ئۈرۈمچىدە ئىككى قېتىم ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندا ، سىز نەۋائىي توغرۇلۇق كۆپ ئىزدەنگەن بولسىڭىزمۇ ، لېكىن بۇ يىغىنلارغا تەكلىپ قىلىنماپسىز . بۇ توغرىلىق قارشىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز .

A . بىر قېتىملىق يىغىننى پېشقەدەملەر ئاچقان ، ئۇ يىغىنغا قاتنىشىشقا ياش كېلىپ قالدىم ، يەنە بىر قېتىملىقنى ياشلار تەشكىللەپ ئاچقان ، ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا ياشتا چوڭ كېلىپ قالدىم . كۆڭلۈمدە ھەر ئىككى يىغىنغا مەيلى ياش جەھەتتە ، مەيلى بەلگىلىك مېھنەت سىڭدۈرگەنلىك جەھەتتە شەرتىم توشسىمۇ ، قاتناشتۇرۇلمىدىم . كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى . نەۋائىي توغرىسىدا ئالاھىدە ئىزدەنگەنلەرمۇ بار ئىدى . ئۇلارمۇ شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن . يېقىنقى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ، بەزى ئەھۋالدا ھەقىقىي مېھنەت سىڭدۈرگەنلەر سەپنىڭ تېشىدا قالىدىغان ، سالاپەت ، مۇناسىۋەت ، ئەمەلدارلىق ئىمتىيازىغا قاراپ ئىش ئېلىپ بېرىلىدىغان كەيپىياتمۇ باش كۆتۈرۈكلۈك . شۇنداق بولغاچقا ، گېزى كەلگەندە ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە ھەيۋە ، تەكلىپ ، ۋەدە كۆپ ، ئەمەلىي نەتىجە ئاز بولۇپ كەلدى . كۆپلىگەن ساھەلىرىمىز قۇرۇق پېتى قالدى . بۇ خىل ئەھۋال كەلگۈسىدە چوقۇم تۈزىلىپ ، مەلۇم ساھەدە ھەقىقىي قول سېلىپ ئىشلەيدىغانلار ، نەتىجىسى بارلار تۆرگە چىقىدىغان ، چاۋاك چېلىشىپ بېرىدىغانلارمۇ مۇئەييەن نوپۇزلۇق ، مۆتىۋەر ۋە سالاپەتلىك كىشىلەر بولمىسا بولمايدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ .

دېمەك ، گەپ بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ياكى قاتناشماسلىقتا ئەمەس ، بەلكى ئاشۇ يىغىندا تەكىت-

www.uyghurkitap.com



لەنگەن ئىشلار بويىچە ، ئەلشىر نەۋائىي توغرۇ-
لۇق ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىپ نەتىجە قولغا كەلتۇ-
رۇشتە .

B . ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا
مەكتەپتە يۈز بەرگەن نەۋائىينىڭ تەۋەلىكى توغرى-
سىدىكى مۇنازىرىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ ؟

A . بۇنىڭدىن ئۆز ۋاقتىدىلا خەۋەر تاپقان ،
مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپ شىنجاڭ بىناكارلىق 2
ـ شىركىتىگە تەۋە ئوتتۇرا مەكتەپ بولۇپ ، بۇ
مەكتەپتە 40 چە ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچى بار ئىكەن .
1998 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى بۇ ئوقۇتقۇچىلار
چوڭ بىر ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ گەپتىن گەپ چى-
قىپ نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرۇلۇق پاراڭ
تېمىسى باشلىنىپ قاپتۇ . شۇ ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە
شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ، ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە
ئوقۇغان ، ئۇيغۇر مۇئەللىملىرىنىڭ تەربىيىسىدە
يېتىلگەن بىر ئۆزبېك ياش ئوقۇتقۇچى بار بولۇپ ،
ئۇ نەۋائىينىڭ هاياتىغا دائىر ماتېرىياللارنى يامان
ئەمەس ئوقۇۋالغانىكەن . بىر سائەتكە يېقىن مۇناز-
رىدە ھېلىقى ئۆزبېك ئوقۇتقۇچى پۈتۈن ئوقۇتقۇ-
چىلار ئارىسىدا باشتىن ـ ئاخىر مۇنازىرىنىڭ يې-
تەكچى پىكىر بايان قىلغۇچىسى بولۇپ ، 40 غا
يېقىن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىغا
زادىلا گەپ بەرمەپتۇ . شۇ ئوقۇتقۇچىلار ئىچىدە
نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئېنىق
پاكىتتىن بىر ئوقۇتقۇچىمۇ خەۋەردا ئەمەس ئى-
كەن . بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئۇ يەر ، بۇ يەردىن ئاڭ-
لىۋالغان گەپلەر ئاساسىدا ئۇنى ، بۇنى دەپ باققان
بولسىمۇ ، لېكىن موما تۈۋىگە چۈشىدىغان پاكىت
ئاساسى بار گەپلەرنى يۈرەكلىك قىلالماي ، كېكەچ-
لەپ ، ئاخىرى ، كۆپچىلىك بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مە-
مەدانلىق بىلەن ، زورۇقۇپ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ
ئېيتقان يالغان ـ ياۋىداق سۆزىگە ئامالسىز ئۈتتۈر-
غانلىقىنى بىلدۈرۈشۈپ ، شەبنەمدە قالغان ئاسلاڭ-
دەك سالپىيىپ كېتىشكەن . ھېچكىم قايتا بۇ مە-
سىلە ئۈستىدە ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ،
ياكى بۇ مۇنازىرە توغرۇلۇق پىكىر قىلىشتىن ئۆ-
زىنى چەتكە ئېلىشقان .

ئېنىقكى ، بۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ-
چىلىكى ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنى تۈگەت-
كەن ، بەزىلىرى ھەتتا بۇ خىل ئالىي مەكتەپلەرنىڭ
تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبى-
يات مەخسۇس كەسپلىرىنى تاماملىغان . بۇ خىل
ئوقۇتقۇچىلار يەنە ئوقۇغۇچىلارغا «ئەدەبىيات»
دەرسلىكىنى سۆزلەيدۇ . بۇ دەرسلىكنىڭ تولۇق
ئوتتۇرا مەكتەپلەر 2 ـ يىللىق 3 ـ قىسىم «ئەدە-
بىيات» دەرسلىكىدە «ئەلشىر نەۋائىي» دېگەن
مەخسۇس بىر ماۋزۇ بولۇپ ، بۇنى ئوقۇغۇچىلارغا
قەرەللىك سۆزلەپ تۇرىدۇ . بۇ ماۋزۇنىڭ بېشىدا
مۇنداق ئېنىق ئىبارىلەر بار بولۇپ ، ئۇ دەرس
ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كاللىسىدا بولۇشى كېرەك ئى-
دى ، ئەلۋەتتە . مەسىلەن

«غىياسىدىن كىچىك ئوغلى نىزامىدىن ئەلى-
شىر نەۋائىي 1441 ـ يىلى — . . . . ھىرات
شەھىرىدە تۇغۇلغان . . . ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئە-
دەبىياتىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇي-
غۇر ئەدەبىياتى تارىخىي تەرەققىياتىدا زور رول
ئوينىغان بولۇپ ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ
مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ» (
«ئەدەبىيات» ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ، 1984
ـ يىلى 1 ـ نەشرى )

بۇ مۇنازىرە ئادەتتىكى مۇنازىرە . ئۇ بىر ئىل-
مىي مۇنازىرىمۇ ئەمەس ، ئۇنى بىر ماقالىغا كىر-
گۈزۈپ مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيە-
تىمۇ چوڭ ئەمەس . ئەمما ، بۇ كىشىنى ئالاھىدە
ئويلاندۇرىدىغان ، مۇشۇ قېتىملىق مۇنازىرىنى مى-
سالغا ئېلىپ ، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىسا
بولمايدىغان بىر ئىش . شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونىنىڭ مەركىزىدە ، مەدەنىيەتلىك بىر شەھەردە
ياشاپ ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ، نۇرغۇن تارى-
خىي ماتېرىياللار نەشردىن چىقىپ ، ئىشكاپلارغا
تىزىقلىق تۇرغان كىتابخانىلار ئالدىدىن تالاي قې-
تىملاپ ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن ، بارماق
بىلەن سانىلىدىغان بىرقانچە ئۇلۇغ ئەربابى توغرى-
سىدا ئاز ـ تولا چۈشەنچە ھاسىل قىلماسلىق ،
ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بىلىم ساپاسى-
نى بەلگىلەيدىغان ئاساسلىق تەرەپ بولمىسىمۇ ،
ئەمما قوشۇمچە تەرەپ بولۇپ قېلىشنى كىممۇ ئىن-
كار قىلسۇن . 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى بۇ
«مەدەنىيەتلىك ئوقۇتقۇچىلار» نىڭ بەزىلىرى (تە-
بىئىي پەن ئوقۇتقۇچىلىرىنى ۋاقىتلىق بۇ دائىرىگە
كىرگۈزمەي تۇرغان تەقدىردە ) 20 ـ ئەسىرنىڭ
باشلىرىدىكى شىنجاڭنىڭ چەت سەھراسى ھېسابلان-
غان لوپنۇردا ياشىغان ، پەننىي مەكتەپنىڭ ساي-
سىنى كۆرمىگەن كىشىلەرنىڭ سەۋىيىسىدىنمۇ تۆ-
ۋەنلەپ كەتكەنمۇ قانداق ، دېگەن سوئالنى ئىختى-
يارسىز كىشى ئالدىغا قويىدۇ . چۈنكى يۇقىرىدا
سۆزلەپ ئۆتكەن گەپ بويىچە ، رۇس ئالىمى س .
ئى . مالوۋنىڭ بىر ئابزاس بايانىنى يەنە بىر قېتىم
تەكرارلاپ ئۆتسەك ئارتۇقچىلىق قىلماس . ئۇ مۇن-
داق دەپ يازغان ئەمەسمىدى : «نەۋائى بۇ يەردىكى
(شىنجاڭدىكى — نەقىلچىدىن ) كىتابخانلار ئۇ-

چۈن پەۋقۇلئاددە سۆيۈملۈك ئاپتور ئىكەن . بۇنىڭغا بۇ يەردە ياشىغۇچى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقان نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ خىلمۇ خىل قولىيازمىلىرى ئۇچۇق مىسال بولىدۇ . ھەتتا شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت جايلىرىدىن بىرى بولغان لوپنۇردا نەۋائىي داستانلىرىنىڭ سۇژېتلىرى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن چۆچەك ـ ھېكايە قىلىنىپ ئېيتىلىدىكەن» . 19 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭنى تەكشۈرگەن رۇسىيىلىك چوقان ۋەلىخانوۋ بولسا «ئەلىشىر نەۋائىي شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك شائىرى ئىكەن . توي ـ تۆكۈن ۋە ئاممىۋى پائالىيەتلەردە ئالدى بىلەن نەۋائىينىڭ غەزەللىرىدىن پارچىلار ئوقۇلۇپ تۇرىدىكەن» دەپ يازغان ئىدىغۇ . بۇلار ئەلۋەتتە ، كىشىنى ئويلاندۇرىدۇ . شۇنداقلا ياسىنىپ ، كېرىلىپ يۇرۇشلا ئەمەس ، يەنە مەلۇم دائىرىدە ماتېرىيال كۆرۈپ ، سەۋىيىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ .

B . 1980 ـ يىللاردىن باشلاپ ش ئۇ ئا ر جۇملىدىن جۇڭگو ئەلىشىر نەۋائىي ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا ئۇتۇقلار قولغا كەلدى دېيىلسە ، ئۇلار قايسى ساھەلەردە كونكرېت ئىپادىلەندى .

A . يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك ، بۇ 20 نەچچە يىل ئىچىدە ئاساسەن نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا بىر قانچە نۇۋەت قەستەن كۆتۈرۈلگەن ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئايرىم كىشىلىرى چىقارغان غەۋغالار سادىر قىلغان ئېلىشمانچىلىق ۋە بەزى كومېدىيىلىك ۋەقەلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، جۇڭگودا نەۋائىي توغرىسىدىكى تەتقىقات ئۇتۇقلۇق ، ساغلام راۋاجلاندى . ئۇنى مۇنداق بىر قانچە تەرەپتىن كۆرۈشكە بولىدۇ .

بىرىنچىدىن ، ھۆكۈمەتنىڭ ئادەم ، مالىيە كۈچى ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن 1950 ـ يىللىرى ۋە 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىغا دائىر قول يازمىلارنى يىغىش خىزمىتىدە نەۋائىينىڭ كۆپچىلىك ئەسەرلىرىنىڭ شىنجاڭدا ۋە قوشنا رايونلاردا كۆچۈرۈلگەن ياكى ئۆزبېكىستان قاتارلىق جايلاردا چاپ قىلىنغان نۇسخىلىرىدىن يىغىۋېلىنغانلىرى ئۈرۈمچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ئېتىبارلىنىپ مۇھاپىزەت قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1980 ـــ 1990 ـ يىللار ئىچىدە ، يەنە ھۆكۈمەت كۆپلەپ مەبلەغ ئاجرىتىپ ، كۆپلىگەن قول يازمىلارنى يىغىۋالدى . دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش ، رەتلەش ، نەشر قىلىشقا بىر تۇتاش رەھبەرلىك كومىتېتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى . بۇ ئورۇندا ھازىر بەش مىڭ پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى قول يازما ساقلىنىۋاتىدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى خېلى بار . مۇشۇ 20 نەچچە يىل مابەينىدىكى كونا قول يازمىلارنى يىغىش ئىشىدا 16 ـ ئەسىردە خوتەندە كۆچۈرۈلگەن نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىسىنىڭ تېپىلغانلىقى ئالاھىدە بىر ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۈرۈمچىدىن باشقا قەشقەر ، تۇرپان ، خوتەن قاتارلىق جايلاردىكى مۇزېي ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەر ئىشخانىلىرىدا ھەم كونا قول يازمىلار ئىچىدە ساقلىنىۋاتقانلىرىدىن نەۋائىي ئەسەرلىرىمۇ خېلى بار . مەسىلەن ، 1950 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئىلمىي خادىملار نەۋائىي ئەسەرلىرى قول يازمىسىدىن 400 نۇسخىدىن ئوشۇقراقىنى كۆزدىن كەچۈرگەن . 1957 ـ يىلى يەركەندە ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە 700 پارچە ئەسەرنىڭ قول يازمىسى بايقالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە 150 پارچىسى نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىسى ئىكەن . ھازىر پەقەت قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدىلا نەۋائىي «خەمسە» سىنىڭ 21 قولىيازما نۇسخىسى ساقلانماقتا .

ئىككىنچى ، يېقىنقى يىگىرمە نەچچە يىل مابەينىدە نەۋائىينىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى يېزىق شەكلى بويىچە نەشر قىلىندى . بۇنىڭ ئىچىدە : تېيىپجان ئېلىيوپ «خەزائىنۇل مەئانى» دىن 100 شېئىرنى تاللاپ ، ئۇلارنى نەسرىي ئۇسلۇبتا يەشمە بېرىپ ، «غەزەللەر» نامى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىلى نەشر قىلدۇرغان نۇسخا . «مەنتىقۇتتەير» (ئا . توختى تەييارلىغان ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانىدىن باشلاپ ئېلان قىلىنغان . ) «مەھبۇبۇلقۇلۇپ» (ئا .توختى تەييارلىغان ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىلى نەشرى ) ، «مۇھاكىمە تۇللۇغەتەين» (خ .تۆمۈر ، ئا .پولاتلار تەييارلىغان ) مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1988 ـ يىلى نەشرى . «خەمسە نەۋائىي» ، (ر . جارى ، ئا .ئىسلامى ، ت .ئېلىيوپ ، ئا .خوجا ، ئى .يۇسۇپ ، ق .باراتلار تەييارلىغان ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1992 ـ يىلى نەشر قىلغان ) ، «مەجالىسۇننەفائىس» (ئا .ئىسلامى ، ئا .قۇربانلار تەييارلىغان ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1994 ـ يىلى نەشرى ) «نەۋائىي غەزەللىرىدىن تاللانما» (جىڭ يا ، جۇخېڭبىڭلار تەرجىمە قىلغان ، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى ، 1992 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى ) قاتارلىقلار . بۇلاردىن

باشقا «بۇلاق» ژۇرنىلى ، «قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقات خەۋىرى» (قەشقەر ) قاتارلىقلاردا باشقا ئەسەرلىرىمۇ ئېلان قىلىندى . بۇلار كۆپ تىراژىدا بېسىلدى .

ئۈچىنچى ، نەۋائىي توغرىسىدىكى بايانلار ئوتتۇرا مەكتەپ ، دارىلمۇئەللىمىن ، ئىنستىتۇت ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەرسلىك لېكسىيىلىرى تەركىبىدە سۆزلەندى ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋە ئالىي مەكتەپ دەرسلىك كىتابلىرىغا كىرگۈزۈلۈپ نەشر قىلىندى . مەسىلەن ، 1979 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا (بۇ يەردە شېرىپىدىن ئۆمەر ئەپەندى سۆزلىگەن ) ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا (بۇ يەردە ۋاھىتجان ، ئەسقەر ئەپەندىلەر سۆزلىگەن ) ۋە باشقا ئالىي مەكتەپلەردە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دەرسلىكى سۆزلەنگەن . 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ ئوتتۇرا مەكتەپ ، دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكلىرىگە «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى» غا دائىر مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن . مەسىلەن ، ش ئۇ ئا ر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر 2 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 3 ـ قىسىم كىتاب «ئەدەبىيات» دەرسلىكىنىڭ ئىچىدە «ئەلىشىر نەۋائىي» ماۋزۇسىدا مەخسۇس بىر ماۋزۇ بېرىلگەن . بۇ كىتاب ـــ ئابدۇسالام توختى ، مۇتەللىپ مامۇت ، هامۇت سەيپى قاتارلىقلار تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981 ـ يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان . «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» غا دائىر مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدىكى تۇنجى ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى «ئالىي مەكتەپ تىل ـ ئەدەبىيات ئاساسلىرى» ناملىق كىتاب 1986 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان . ئۇنىڭغا «ئەلىشىر نەۋائىي» دېگەن پاراگراف كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا دائىر بۇ مەزمۇنلارنى هىمىت مەخسۇت ، غەيرەتجان ئوسمانلار يازغان . غەيرەتجان ئوسمان تۈزگەن ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشچىلەر دەرسلىكى «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» ش ئۇ ئا ر تەۋەسىدە ئالىي تېخنىكومنىڭ تۇنجى دەرسلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن 1987 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . بۇ كىتاب قايتا تولۇقلىنىپ هەم ئۆزگەرتىلىپ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن نام 1996 ـ يىلى ئىككى قىسىملىق قىلىنىپ قايتا بېسىلدى ، هەم مەملىكەتلىك ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشچىلەر دەرسلىكى قىلىنىپ ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىدا تۈزۈلگەن مەملىكەت دەرىجىلىك تۇنجى ئالىي مەكتەپ دەرسلىكى بولۇپ قالدى . بۇ كىتابنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا رەسمىي نەشر قىلدى . شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن ش ئۇ ئا ر ئالىي مەكتەپلەر دەرسلىكى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (جەمئىي ئۈچ توم ) شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 ـــ 1995 ـ يىللىرى نەشر قىلىندى . بۇلاردا خېلى كۆپ سەهىپە بىلەن ئەلىشىر نەۋائىينىڭ هاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلدى . (پروفېسسور شېرىپىدىن ئۆمەر يازغان ) . دېمەك ، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر تىلى بويىچە دەرس ئۆتۈلىدىغان ئوتتۇرا ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئىجتىمائىي پەن كەسىپلىرى ساھەسىدە «ئەلىشىر نەۋائىي» غا دائىر بايانلار يۈرەكلىك هالدا لېكسىيە قىلىنىدۇ .

تۆتىنچى ، نەۋائىي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس غەيرىي ۋە رەسمىي ئىلمىي خادىملار ، مۇتەخەسسىسلەر باشتىن ـ ئاخىر نەۋائىي تېمىسى بويىچە ئىلمىي ماقالىلارنى ، كىتابلارنى ۋە مەخسۇس ئەسەرلەرنى يېزىپ ، بەس ـ بەس بىلەن مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ ، جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىگە سۇندى . ئابدۇشۇكۇر تۇردىنىڭ «ئەلىشىر نەۋائىي» ناملىق مەخسۇس ماقالىسى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىلى 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن باشلاپ هازىرغىچە يۈز پارچىدىن ئارتۇق ماقالا ئېلان قىلىندى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەسقەر هۇسەيىننىڭ «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ، ئەخلاقىي قاراشلىرى توغرىسىدا» («قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1982 ـ يىللىق 1 ـــ 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ) ، ت .ئېلىيوۇپنىڭ «ئەلىشىر نەۋائىي» («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىلى 9 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ) ، ئا .م .ئىمىننىڭ «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1987 ـ يىلى 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ) ئا .م .ئىمىنىنىڭ «ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» ، («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ، 1991 ـ يىلى ، 5 ـ سان ) غەيرەتجان ئوسماننىڭ «ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى نەۋائىي» («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» ، خەنزۇچە 1995 ـ يىلى 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ) ، ئابدۇشۇكۇر تۇردىنىڭ «نەۋائىـ

نىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى» («غەربىي يۇرت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1996 - يىلى 4 - سانى، خەنزۇچىسىدە ئېلان قىلىنغان)، ئىمىن تۇرسۇننىڭ «نەۋائىينىڭ ئەسلى نەسەبى توغرىسىدا» («شىنجاڭ تەزكىرىسى»، ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىلى، 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان)، ئەنۋەر تاشتۆمۈرنىڭ «نەۋائىينىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدا» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ 1998 - يىللىق توپلىمىدا ئېلان قىلىنغان) قاتارلىقلار نەۋائىينىڭ ھاياتى، نەسەبى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنغان تەسىرلىك ماقالىلار ھېسابلىنىدۇ. يەنە باشقا ماقالىلارنىڭمۇ نەۋائىي ئىجادىيىتىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن يورۇتۇپ بەرگەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتماي بولمايدۇ.

نەۋائىي توغرىسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلەرنى كىتابلار ۋە مەخسۇس ئەسەرلەر سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغانلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئالىمىز. ۋاھىتجان، ئەسقەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 1982 - يىلى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان. ھاجى ئەھمەد «دېڭىز ئۈنچىلىرى»؛ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى، ئابدۇرېھىم سابىر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى»، تۆت قىسىم 1982 — 1984 - يىللىرى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى» (ماۋشىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، خۇنەن خەلق نەشرىياتى، چاڭشا، 1983 - يىلى خەنزۇچە نەشرى. لىيۇزىشاۋ «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىلى خەنزۇچە، 1986 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، شېرىپىدىن ئۆمەر «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات» شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1988 - يىلى نەشرى. لى گوشياڭ «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى»، لەنجۇ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى. بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى 1982 - يىلى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان. ئەنۋەر، خەيرىنىسا «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990 - يىلى نەشرى. «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىيات تارىخى» (ماشۈلياڭ قاتارلىقلار باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1992 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، ئىمىنجان ئەھمىدى «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىلى نەشرى. «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» (ئابدۇكېرىم راخمان باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1998 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، فەيرەتجان ئوسمان «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى 1999 - يىلى خەنزۇچە نەشرى. ئىمىن تۇرسۇن «نەۋائىي ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 2000 - يىلى نەشرى، «جۇڭگو تارىخىدىكى ئاز سانلىق مىللەت قەھرىمانلىرى شەجەرىسى» تۆت توملۇق، گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 2000 - يىل نەشرى.

ئەلىشىر نەۋائىي توغرىسىدىكى بايانلار خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە تۈزۈلگەن مەجمۇئە، توپلام، لۇغەت، قامۇسلارغا كىرگۈزۈلدى.

بەشىنچى، شىنجاڭدا ئىلگىرى - كېيىن ئىككى قېتىم مەخسۇس ئەلىشىر نەۋائىي توغرىسىدا ئىلمىي سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بىر قېتىملىق يىغىن 1991 - يىلى 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا 100 گە يېقىن ئالىم، مۇتەخەسسىس، يازغۇچى ۋە سەنئەتكار قاتناشتى. يىغىن ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىقى خاتىرىلەنگەن بۇ يىغىننى «تارىم»، «بۇلاق» ژۇرناللىرى تەھرىر بۆلۈمى ئۇيۇشتۇرغان. يىغىننىڭ ئەھۋالى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1991 - يىلى 9 - ئاينىڭ 21 - كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىندى. 20 - ئەسىر ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە نەۋائىينىڭ تۇغۇلغانلىق خاتىرە كۈنى دەسلەپ جۇڭگونىڭ چۆچەك شەھىرىدە 1941 - يىلى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، 2 - دۇنيا ئۇرۇشى بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ئۆزبېكىستان قاتارلىق جايلاردا بۇنداق پائالىيەت ئۆتكۈزۈلمىگەن.

ئومۇمەن، نەۋائىينى بىلىش، ئۇنى تەتقىق قىلىش، ئەسەرلىرىنى ئوقۇش، مۇتالىئە قىلىش بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيادىكى مۇھىم ئىلمىي خىزمەتلەرنىڭ بىرى. ئىنسانىيەت نەۋائىيدەك ئۇلۇغ شائىرلارنىڭ ئۆتكەنلىكىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى دۇنيانىڭ مەرىپەت تارىخىدا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان سىر خىل جاۋاھىرلارنىڭ بىرى بولۇشقا مۇناسىپ. نەۋائىي تەتقىق قىلىنىشقا تېگىشلىك، ئۇيغۇر خەلقى تارىختا نەۋائىينىڭ شۆھرىتىنى كۆككە كۆتۈرۈشتە سەركەردىلىك رول ئويناپ كەلگەن. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ ئۇلۇغ خىزمەتنى ھەرگىز قولدىن بېرىپ قويمايدۇ. يېڭى - يېڭى دۇنياۋى تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت مىراسلىرىنى جۇلالاندۇرۇش ئۇلۇغ ئىشىغا مۇناسىپ ھەسسىسىنى قوشىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدىكى دۇنياۋى خاراكتېر

ئەھمەد ئابدۇراخمان

كونا ئىرادىن يېڭى ئىراغا، 20 ـ ئەسىردىن 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويۇپ، كونا ـ يېڭى ئىرا ۋە ئەسىر ئالمىشىۋاتقان تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈنچى باسقۇچتا ياشاشتەك ئۇتتىيا پۇرسەت بىزگە نېسىپ بولدى. مۇشۇنداق كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان خاسىيەتلىك دەۋردە ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئىجادىيەت دۇردانىلىرىنى ئېيتىخارلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئەسلىمەي ۋە ئۇلار توغرىسىدا قايتا ئويلانماي تۇرالمايمىز... چۈنكى كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن بۈگۈنكى دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلىرى يۈكسەك ئىختىرالىرىنى، رەڭگارەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەدەنىيەت ئەسەرلىرىنى قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى يىتۇك ئالىم مەشھۇر پەيلاسوپ بۈيۈك مۇتەپەككۇرلار، دۇنياۋى ئەدىبلەرنى ھەرقايسى «دەۋرنىڭ ۋىجدانلىرى» سۈپىتىدە ئاپىرىدە قىلىپ كەتتى. ھومېردىن تارتىپ سېرۋانتىس، پۇشكىن، ئايتما توفقىچە؛ چۈيۈەندىن سىماچيەن، دۇفۇ، لۇشۈن، باجىنغىچە؛ يۈنۈسقۇقتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، نەۋائىي، نازىمى، ت. ئېلىيوپ، مەمتىمىن ھوشۇرغىچە بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت پېشۋالىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزلۈك تارىخىنى ياراتقان ئەجدادلارنىڭ ھەقىقىي ھەقدار ۋارىسلىرى ئىدى.

بۇ يىل تەۋەللۇتىنىڭ يۈز يىللىقىنى ئېيتىخار بىلەن خاتىرىلەۋاتقان ھازىرقى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىل شائىرى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق دۇنياۋى ئىجادىيەت چولپانلىرىنىڭ باھادىر ـ سەركەرلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

2

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مىللەتنىڭ تۇپ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە خاراكتېر؛ ئۆزگىچىلىكىنى شېئىرلىرىدىكى تىپىك لىرىك قەھرىمان «مەن» ئوبرازىغا سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەپ، ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈردى، بۇ خىل بەلگىلىك ئىجادىي قىممەتكە ئىگە بەدىئىي ماھارەتتىن بىز ئۇنىڭ جاھالەت ئاستىدا قالغان مىللىتىمىزنىڭ روھىنى ئويغاتقۇچى، دەۋر ئېھتىياجىغا ئەڭ بالدۇر ھەم توغرا جاۋاب بەرگۈچى، تەرەققىيات، دېموكراتىيە، مەدەنىيەت ۋە مەرىپەتچىلىك ئىدىيىلىرىنىڭ باشلامچى سەركەردىسى ئىكەنلىكىنى قايىللىق بىلەن ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيەت خاراكتېرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلساق، ئۇنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇر يازغۇچىسى، زاماندىشى ئەدىب لۇشۈن خاراكتېرى بىلەن تۆۋەندىكى تەرەپلەردە پاراللېللىقنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

1. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر لۇشۈننىڭ «بىز خەلقىنىڭ جانلىق تىلىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم... چۈنكى خەلقنىڭ تىلىدا نۇرغۇنلىغان كونا ئەدەبىي تىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان ياخشى سۆزلەر بار...» دېگىنىگە ئوخشاش ئەل تىلىدىكى جەۋھەرلەرنى، يېزىق ئەدەبىياتىنىڭ ئانىسى فولكلور نەمۇنىلىرىنى ھەزىم قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈپ «چاغاتاي» دەۋرى ئەدەبىي تىلىدىن ماھىيەتلىك پەرقلىنىپ تۇرىدىغان جانلىق، ئىخچام، ئوبرازلىق، ئاممىباب يېڭى دەۋر ئەدەبىي تىلىدا ئەسەر

يېزىپ، كونا فېئودال ئەدەبىي تىلىغا قارشى «چو-
قان» كۆتۈردى. خەلقىنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرگەن
گۈزەل تىل ـ ھازىرقى زامان بەدىئىي تىلىنى
ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئەدەبىي تىل ئىسلاھاتىدا لۇ-
شۇنگە ئوخشاش بايراقدار، سەركىلىك خاراكتېرى-
نى نامايەندە قىلدى. ئۇنىڭ خەلق ماقال ـ تەمسى-
للىرىنى دەل جايىدا ئوبرازلىق قوللانغان «بېۋاپا»
، «باردۇر»، «دەردى دەۋران» قاتارلىق شېئىر-
لىرى؛ يەرلىك شىۋە، ئەقلىيە سۆز، ئىدىيوملارنى
قوللانغان «ئارمان»، «ھەزەب ۋە زار» «مۇزلى-
دى» شېئىرلىرى؛ خەلق قوشاقلىرى شەكلىدىكى
شېئىرلىرى؛ روبائىي ۋە پارچىلىرى؛ خەلق رىۋا-
يىتى ۋە چۆچەكلىرىدىكى خىلمۇخىل ئوبراز ـ ۋا-
سىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئەسەرلىرىنىڭ
تىلىنى گراماتىكىلىق شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەت-
تىن تېپىك خەلق تىلى ھەم ئەدەبىياتىغا يېقىنلاش-
تۇرغانلىقى، مۇشۇ ئاساستا دەۋر تەلىپى خەلق رو-
ھىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى يۇقىرىقى پىكىرنىڭ
دەلىلى بولالايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەر تىلىنىڭ ئاۋام تىلىغا يېقىن
بولۇشى ـ تىل جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئىسلاھات-
چى خاراكتېرىنىڭ ماھىيىتى ـ يۈكسەك خەلقپەر-
ۋەرلىكىنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىلىرىنىڭ بىرى بول-
غاچقا، شائىر ئىشلەتكەن شېئىرىي تىل پىشقان،
نەپىس، دەل ھەم ئوبرازلىق بولۇپ شېئىرىي مەز-
مۇن ئەلنىڭ تىلەك ـ ئارمىنى بىلەن بىر گەۋدىگە
ئايلانغان، ئەلنىڭ دىل سۆزى، ئۈمىدى، ئىشەنچى
بىلەن يۇغۇرۇلغان دېموكراتىك، جەڭگىۋار مەز-
مۇنلارغا باي ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكى-
دىن تامغان دۇر ـ ئۈنچىلەر خەلقىنىڭ دىلىدا ساق-
لىنىپ، تىللاردا داستان بولدى، دەۋردىن دەۋر-
گە، ئەسىردىن ـ ئەسىرگە پايدىلىنىپ كەلدى. نە-
تىجىدە ئۇنىڭ نامى ئانا خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرى-
دىن ئورۇن ئېلىپ، روھىي ئۆلمەس بۈيۈك شا-
ئىرغا ئايلاندى.

2. شەرق ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا
تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى
مەزمۇن، شەكىل، ئىستىبىتىك غايە ۋە بەدىئىيلىك
جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىغا
جەڭگىۋار روھ، دېموكراتىك ئىدىيە ۋە ئىنقىلابىي
ئاڭنى ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى قو-
شاق شەكلى، ئارۇز ۋەزنىگە تەۋە غەزەل، مۇرەب-
بە، مۇخەممەس ۋە رۇبائىيلارنىڭ سالماقلىق ئو-
رۇن تۇتۇشى ـ ئەجدادلار ياراتقان كلاسسىك شېئى-
رىيەت شەكىللىرى ۋە مەزمۇنىغا ئىجادىي ۋارىسلىق
قىلىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى بەل-
گىلىك تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەنىدى، شائىرنىڭ
«ئاچىل» قوشىقىدىكى، «ئارزۇ ـ ئارمانىم مې-
نىڭ» شېئىرىدىكى «گۈزەل»، «يار»، «ئىستى-
مەن» شېئىرىدىكى «ھۇما قۇشى»، «ھەزەپ ۋە
زار» شېئىرىدىكى «مەن» قاتارلىق بەدىئىي ئوب-
رازلىرى دەل فولكلور ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات-
مىزدىكى ھەر خىل مىڭ، سىمۋوللۇق ئوبرازلار-
نىڭ رېئال ئۆزلەشتۈرمىسى جۈملىسىدىندۇر.

دېمەك، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خۇددى لۇشۇندەك
«قەدىمكى» نى «بۈگۈن» ئۈچۈن «كونا» نى «يې-
ڭى» ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى.

3. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر لۇشۇن ئەسەرلىرىدە
يارىتىلغان سەۋدايى، كۆڭ يىجى، رۇڭ تۇ، ئاQ
خاراكتېرىدىكى ئاجىزلىقلار بىلەن پاراللېل بولغان
ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىدىكى تۈپ مەنىۋى ئىللەتلەر-
نى بۇلغانغان «ئورتاق» كەيپىيات ۋە «كونا كېسەل-
لەر» نى مۇرەسسە سىز پاش قىلىپ كۈچلۈك قام-
چىلىدى. كەسكىن سىياسىي لېرىكىلىرى ئارقى-
لىق چىرىكلەشكەن فېئودال تۈزۈم، بۇزۇلغان
ئىجتىمائىي ئەخلاق، سىياسىي ـ مىللىي زۇلۇم-
غا، نادانلىق، قالاقلىق، ئويغانماسلىق، مەرىپەت-
سىزلىككە قارشى، تاڭدا بىر چۇقانبىلەن «ئىس-
يان» كۆتۈرۈپ چىقتى، قوش ئېكسپلاتاتسىيىگە
ئۇچراۋاتقان خەلقىگە ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ھېس-
سىداشلىقىنى ئىپادىلىدى، بىر مىللىي شائىردا
بولۇشقا تېگىشلىك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى
قىلدۇردى. ئۇ «ئىستىمەس» شېئىرىدا:

«يەپ زەھەر بولدى كېسەل، ئەھۋالىدا كۆپ-
تۈر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقسىمۇ، داۋالىنىشنى ئىس-
تىمەس.
ئىزدىدى ھۇما قۇشىنى كۈندە ئاسمانغا قاراپ،
كەيپىيات بولغانى شۇ، ھۇما بۇلارنى ئىستى-
مەس.
مىللىتىم تارتقان ئازابقا كۆڭۈل قانداق چى-
دار،
ئەل غېرىپ ئىڭرايدۇ ئەمما تەۋرىنىشنى ئىس-
تىمەس»

دەپ يېزىپ، مىللەتنىڭ زۇلۇمغا بولغان ئىنكار-
سىزلىق، تەقدىرگە تەن بېرىش، بىخۇدلۇق، قوز-
غىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق قاتارلىق ناچار خا-
ئىشلارغا بولغان لىرىك قەھرىمانىنىڭ بىتاقەتلىكى-
نى ئەكس ئەتتۈردى.

مۇرەككەپ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي مەسىلى-
لەرگە جاۋاب بېرىشتە، ھەر دائىم خەلق تەرىپىدە
تۇرۇپ، ئاۋامنىڭ ئاھۇ ـ زارى، كۆڭۈل ئارزۇ-

www.uyghurkitap.com



سىنى ئىپادىلەپ ، دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىكنىڭ جەڭ سىگنالىنى ياڭراتسا ، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنى «سۈت ئۇيقۇ» دىن ئويغىنىپ ، تەقدىرچىلىك ، دىنىي خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلۇپ ، پەن ـ مائارىپتا دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەرگە يېتىشىۋېلىشنى جىددىي ئۈتتۈرىغا قويىدى . «غەزەپ ـ زار» شېئىرىدا :

«ئويغىنىپ كەتتى جاھان مەغرىبى ـ مەشرىق تامام ،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا ، چۈش كۆرۈپ ياتارمەن .
باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى بىراق ،
مەن مىسال يالىڭاياق دەسسەپ تىكەن ماڭارمەن»

دەپ يازغان مىسراسىنىڭ ، ئىلغار دەپ يازغان سىبلىشتۇرما مىسرالىرى پىكرىمىزنىڭ كۈچلۈك ئىسپاتى ئىدى .

4 . ئۈتتۈرا تۈزلەڭلىكتە شىنخەي ئىنقىلابى پارتلاپ ، خانلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ ، ئىنقىلاب مېۋىسى مىللىتارىستلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى . سۇن جۇڭشەن ئەپەندىنىڭ بۈيۈك «مەسلەك» لىرى چۈپرەندىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا خارلاندى . خەلق بۇرۇنقىغا ئوخشاش ماددىي ـ مەنىۋى ئازاب ـ خورلۇق ئىچىدە تېگىرقاپ ، جاھانگىرلىك ھەم مىللىتارىستلارنىڭ قولىغا ئايلاندى . بۇ خىل ۋەزىيەتنى شائىر «يەجۈجى ـ مەجۈجى» شېئىرىدا مەنتىقىلىق ئىپادىلەپ بەردى ، دېمەك ، خانلىق ئالماشقان بولسىمۇ ، تۈزۈم ئۆزگەرمىدى . 30 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى شىنجاڭ ۋەزىيىتىمۇ مەملىكەتنىڭ ئاشۇ رېئاللىقى بىلەن ئوخشاش ئىدى . ياڭ زېڭشىن ، جىن شۇرېن ، شىڭ شىسەي قاتارلىقلار ھاكىمىيەت بېشىدا بىر ـ بىرى بىلەن ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىپ خۇددى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «قاملاشمىدى» شېئىرىدا «ئادىمىي ئالماشتىيۇ ، يولى ـ تۈزۈم ئالماشمىدى» دەپ يازغىنىدەك ۋەزىيەت شەكىللىنىپ شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقى ئۈستىدىكى قوش زۇلۇم تېخىمۇ ئېغىرلاشتى .

مانا بۇ ـ پۈتۈن مەملىكەت رېئاللىقىنىڭ شىنجاڭدىكى كۆرۈنۈشى ئىدى . مۇشۇنداق ماھىيەتى بىر بولغان دەۋر ۋە رېئاللىقتا دۇچ كەلگەن شائىر زاماندىشى ، تەقدىردىشى لۇشۈندەك جەڭگىۋار روھ بىلەن نەرە تارتىپ مەيدانغا چۈشتى ، زۇلۇمغا قارشى قوراللىق ئىنقىلاب قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى .

«بىزگە بار ھەرقاچان ئۆلۈم يا كۆرۈم ،
ئۆلۈمدىن قورقماسلىق ئۆزى بىر لۆم ـ لۆم .
كۆتەرگىن باشىڭنى ، تىك تۇت قەددىڭنى ،
جەڭ قىلىپ ئۆلسەممەن ئېچىلغاي گۈلۈم»
(«ئۆلۈم ئالدىدىكى خىتاب» تىن)

. . . . . . . . . . . . .

«ئابدۇخالىق نەرە تارت ، ئەنە قالقان ، ئەنە ئات ،
ئۇخلاپ يېتىش بەك ئۇيات ، جىنىنىڭ ئىشى قاملاشمىدى»

بۇلاردىن بىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ لۇشۈنگە ئوخشاش جەڭگىۋار ئىنقىلابىي روھ ئارقىلىق ئورتاق ئىلغار ئىدىيىنى تەۋسىيە قىلغۇچى ۋەكىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

5 . بىز كونكرېت سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىشلەتكەن شېئىرىي تىل بىلەن لۇشۈن ئىشلەتكەن ھېكايە تىلىنىڭ بەلگىلىك ئورتاقلىقلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلىۋاتىمىز . ئۇ بولسىمۇ ، ئىپادىلىنىۋاتقان مەن يوشۇرۇنچانلىقنىڭ چوڭقۇر ھەم كەڭ بولۇشى ، سىمۋول ئوبرازچىلىقنىڭ كۈچلۈكلۈكى ، ھەم ھەجۋىي كىنايە قىلىشنىڭ ئۆتكۈرلۈكى . شائىر «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» شېئىرىدا يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە بىۋاسىتە خىتاب قىلىپ :

«قۇياشقا دالدا قىلماقلىق ئەقىلسىزلىق دېلىمدۇر ،
سېنىڭ يۇپقا بوز خالتاڭ بىگىزلەرنى يوشۇرالايمۇ ؟
كۆتۈر خالتاڭنى ئەي ئەخمەق ، كىرەككە كەلمىگەي خالتاڭ ،
كۆرەمسەن ئۇچى ئۇچلۇق بۇ بىگىزنى بوز ياپالغايمۇ ؟»

دەپ يازغان غەزەلىنىڭ پىكرى بىز ھېس قىلغان «ئورتاقلىق» نىڭ بىر مىسالى بولۇپ ، شائىر «قۇياش» ، «بوز خالتا» ، «ئۇچى ئۇچلۇق بىگىز» ، «ئەخمەق» قاتارلىق سىمۋوللۇقى كۈچلۈك تىللارغا يۇقىرىدىكى مەنالارنى سىڭدۈرگەن .

يىغىنچاقلىساق ، لۇشۈن نەسرىي ئەسەرلەر ئارقىلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرىي ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئالدى بىلەن ئۆزىنى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت خاسلىقنى ، ئاندىن دەۋرلىك ئومۇمىيلىقتىن ئىبارەت مىللىي دائىرىدىن ھالقىش خاراكتېرىنى يارىتىپ ، ئۆزلىرى ۋەكىللىك قىلغان مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە داغدام يول ئاچتى .

دېمەك ، مەملىكەتنىڭ ئىچى ـ تېشى جۇملە-

دىن شىنجاڭ زور داۋالغۇش، سىلكىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت ئاڭ جەھەتتىن ئويغىنىشقا، مەدەنىيەت جەھەتتىن يۈكسىلىشكە، ماددىي ـ مەنىۋى جەھەتتىن كۆرەشكە يۈزلەنگەن يىللاردا، بۇ بايراقدار ئەدىبلەر مىللىي مەدەنىيەت گېنىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتىن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، دۇنياۋى مۇنەۋۋەر ئەدەبىياتنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ مىللىي ئەدەبىياتتا دۇنياۋى خاراكتېر يارىتىش جەھەتتىمۇ ئورتاقلىققا ئىگە.

بىز يۇقىرىقى مۇھاكىمىمىزدىن، كوڭزى پەلسەپە تەلىماتلىرىنىڭ ئاڭ ۋە مەدەنىيەت تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان بىر مىللەتنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى ئەدەبىيات ۋەكىلى بىلەن فارابى پەلسەپە تەلىماتلىرىنىڭ ئاڭ ۋە مەدەنىيەت تەسىرىگە ئۇچرىغان پاراللېل دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ۋەكىلىنىڭ تەپەككۇرى، پىكرى، تەشەببۇسى ۋە ئىلغار ئىدىيىسىنىڭ ماھىيەتلىك ئوخشاشلىقلىرىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدىكى ئۆزگىچىلىكنى مىللىي دائىرىدىن ھالقىغان دۇنياۋى خاراكتېر دەپ مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىككە ئاساسىمىز يوق، دېگەن يەكۈننى چىقىرىمىز.

3

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش ئەرەب، پارس تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئېتىقاد ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئىسلام دىنى گۈزەل ئەخلاق، ھالال ئەمگەك، ساپ ـ توغرا نىيەت ئاساسىدا باياشات تۇرمۇش، گۈللەنگەن جەمئىيەت قۇرۇشتەك ئىجتىمائىي ئىدىيەلەرنى تەشەببۇس قىلىپ، مۇسۇلمان دۇنياسىنى پاكلىق ۋە كامىللىققا يېتەكلەپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ دىن، ئەپسۇسلىنارلىق يېرى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان ئاز ساندىكى مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تارىختا جاھالەت پەيدا قىلغان ئاپپاق خوجىغا ئوخشاش «پىر» لىرىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، فېئودال ھاكىمىيەتكە يېقىنىپ، ئېغىز ـ بۇرۇن يالاشتى. ئۇلار سىياسىي ئەكسىيەتچىلەرنىڭ «خەلق قانچە نادان بولسا، باشقۇرۇش شۇنچە ئاسان بولىدۇ» دېگەن نادانلاشتۇرۇش سىياسىتى ئۈچۈن كەتمەن چاپتى. بۇنىڭ بىلەن ئاۋام ماددىي، مەنىۋى نامراتلىقنىڭ ئازاب ـ خورلۇقلىرىنى تارتىۋېرىپ بىخۇدلىشىپ، جاھالەتنىڭ پاتقىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر پاتتى. جەمئىيەت قالاق، تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قاششاقلىشىپ كەتتى.

ۋەھالەنكى، ھەرقانداق قەبىھ جاھالەتنىڭ ئىنسانىي روھنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقىمۇ نىمجان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان خەلقنىڭ ئەنقانىڭ تۇخۇمىدەك ئەتىۋارلىق زىيالىيلىرى ئارىسىدىن دانا ـ پازىل كىشىلەر، «دەۋرنىڭ ۋىجدانلىرى» سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىپ تۇردى.

ئابدۇللا توقاي (1886 ـ 1913) تاتار مىللىتى ئارىسىدىن يېتىلىپ چىقىپ «جەدىدىزىم» نىڭ نۇرىنى چېچىش ئارقىلىق مىللەتنى ئەڭ بالدۇر ئويغاتقان نۇرلۇق ياش يۇلتۇزنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ جاھالەت، مۇتەئەسسىپ كونىلىق، خۇراپات ـ نادانلىققا قارشى بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاقارتىش ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرۈش، مائارىپتا يېڭى ئۇسۇل بىلەن ئوقۇتۇشقا كۆچۈش، گېزىت ـ ژۇرنال چىقىرىش، يېڭى ئاڭ، يېڭى پىكىر، يېڭى ئېقىمنى شەكىللەندۈرۈش ئاساسىدا تەرەققىي قىلىشنى تەشۋىق قىلدى. مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت مائارىپى، دېموكراتىيىسى ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئېلىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەر تارىخىدا تۇنجى بولۇپ، يېڭى دېموكراتىك دەۋر سەھىپىسىنى ئاچقان ئۇلۇغ مەنىۋى سەركەردىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىدىيىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئىجابىي تاشقى ئامىللار ئىچىدە ئابدۇللا توقاينىڭ تەسىرىنى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ ئائىلىۋى كۇتۇپخانىسىغا توپلاپ زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلغان. نەتىجىدە، تاتار دېموكراتىك شائىرىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى نۇرغۇن ئىجابىيلىقلىرىنىڭ، ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن ۋە شېئىرىي ئۇسلۇب، پىكىر، خاراكتېر، ئىدىيە جەھەتلەردە ئابدۇللا توقاي بىلەن بەلگىلىك ئورتاقلىقلارنى شەكىللەندۈرگەن.

ئابدۇللا توقاي «مۇردىلەر قەبرىستانىدىن بىر ئاۋاز» شېئىرىدا: «مىللەتنى ۋەيران ئېدەن ئىشان ئىكەندۇر، بىلمىدىم،

ئول ئىشانلار مىللەتدۇشمان ئىكەندۇر، بىلمىدىم.

. . . . . . . . . . . .

شۇنلارە قۇللۇق ئېبدەنلەر، قول ۋەرەن بىچارەلەر،

مىللەتنى ئىزلال ئېدەن شەيتان ئىكەندۇر، بىلمىدىم» دەپ مىللەتنى ۋەيران قىلىدىغان دۈشمەن ـ شەيتانلار قازى ـ ئىشانلار ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com



كۆرسەتسە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «غەزەب ـ زار» شېئىرىدا:

«يەنگە ماڭساق كۆز ئېچىپ كاپىر، جەدىت» دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارمەن.
چۆل ـ جەزىرە، دەشتۇر سەھرا ئىچرە قالدىم نائىلاج.
ئاھ قاچان بىر يول تېپىپ، قوشۇلاي قاتارەمەن»

دەپ يېزىپ، مىللەتنىڭ قاتارغا قېتىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان «دەۋرنىڭ ھاماقەتلىرى» ـ مۇتەئەسسىپ قازى ـ موللىلار ئۈستىدىن زارلانغاندى.

بىز قاراشلىرىمىزنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاپ كۆرەيلى:

1. ئابدۇللا توقاي يەتتە يېشىدا دىنىي مەكتەپكە كىرىپ خەت ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، مەدرىس ھاياتىنى باشلىغان. رۇس تىلى سىنىپىدا ئۈچ يىل ئوقۇپ، رۇس تىل ـ يېزىقىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن سىرت، ئەرەب ـ پارس تىلىنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆز زامانىسىنىڭ ئەترافلىق بىلىم ئىگىسىگە ئايلانغان؛ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىلغار ئائىلە مائارىپىنىڭ تەربىيىسىدە بەش يېشىدىلا خەت ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن دىنىي مەكتەپتە ئەرەب ـ پارس تىلىنى ئۆگەنگەن. 12 يېشىدىن باشلاپ «شۆتاڭ» دا ئوقۇپ خەنزۇ تىل ـ يېزىقىنى، كېيىن رۇسىيىگە چىقىپ (بىر نەچچە نۆۋەت) رۇس تىل ـ يېزىقىنى خېلى پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن.

بۇنداق مۆجىزە خاراكتېرلىك تىل ـ يېزىق ئىگىلەش قىزغىنلىقى ھەر ئىككى ئوت يۈرەك، تىل، بىلىم، مەرىپەت شەيداسىنى چوڭقۇر ھەم ئەترابلىق ئىقتىدار ئىگىسى قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئەدەبىياتىدىن خەۋەردار بولۇش ھەمدە ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشى ئۈچۈن بىپايان مۇنبەت زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن. شۇڭا ئۇلار ئاڭ جەھەتتىن تېخىمۇ بالدۇر يېتىلىپ، تەپەككۇر، پىكىر جەھەتتە، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە دۇنياۋى خاراكتېر يارىتقان ئۇلۇغ شائىرلاردىن بولۇپ يېتىلگەن.

2. ھەر ئىككى شائىر لۇشۈنگە ئوخشاش تىل ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتا ئورتاقلىققا ئىگە.

ئابدۇللا توقاي تاتار فولكلورى ئاساسىدىكى خەلق جانلىق تىلىغا يېقىن يېڭى دەۋر ئەدەبىي تىلىنى روياپقا چىقىرىش، ئانا تىلىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن فولكلورغا ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇزى باشلامچىلىق بىلەن ئەرەب ـ پارس تىلىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان «چاغاتاي دەۋرى» تىلىدىن قول ئۈزۈپ، ئەل ئەدەبىياتى ۋە تىلىدىن پايدىلىنىشنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ، تاتار تىلىنى مۇكەممەل ئەدەبىي تىل دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن تاتار ئەدەبىي تىل ۋە ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلاردىن بولۇپ تونۇلۇپ، زىيالىيلار، يازغۇچى ـ شائىرلار ئارىسىدا «بىرىنچى دەرىجىلىك شائىر» ئاتىلىپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «چاغاتاي دەۋرى» تىلىغا خاتىمە بېرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدا يېقىلماس ئابىدە تىكلىگەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر توغرىسىدا يۇقىرىدا توختىتىلىپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە يەنە تەكىتلىمەيمىز.

قىسقىسى، خەنزۇ ئەدەبىياتىدا لۇشۈننىڭ، تاتار ئەدەبىياتىدا ئابدۇللا توقاينىڭ باشلامچىلىق رولىنى تەتقىق قىلىش قانداق زۆرۈر بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سەركە، بايراقدارلىق رولىنى تەتقىق قىلىشمۇ شۇنداق زۆرۈر ھەم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

3. مىللىي ئەدەبىياتنى كۆپ تەرەپلىمە تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەددىزمنى باشلاپ بېرىشتە ئورتاقلىققا ئىگە.

سىياسىي لېرىكا، ساتىرا ـ ھەجۋىنى باشلاپ بېرىش، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە جەددىي مۇئامىلە قىلىپ، پەن ـ مەرىپەت ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئويغىتىش، مەدەنىي مائارىپقا يۈزلىنىش قاتارلىق يېڭى ئاڭ ۋە ئىدىيىنى تەۋسىيە قىلىش؛ سىياسىي مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ھازىر جاۋاب بولۇپ نادانلاشتۇرۇش، بوزەك قىلىش، كەمسىتىش، ئېزىش ـ ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ـ ئازادلىققا ئىنتىلىشتەك سىياسىي كەيپىياتنى ئىپادىلەش، دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىش جەھەتلەردە پاراللېل پىكىرلىك بولۇپلا قالماستىن، بەدىئىي ماھارەتنىڭ يۇقىرىلىقى، قەلەم قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئىچكى مىللىي ئامىل بىلەن تاشقى دەۋرلىك ئامىلنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنى ئۆز ۋىجدانى بۇرچىنىڭ خېمىرتۇرۇچىغا ئايلاندۇرۇش جەھەتلەردىمۇ ئورتاقلىقلارنى شەكىللەندۈرگەن.

ئومۇمەن، بۇ ئىككى ئەدىب ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار تۆھپىلىرى ئارقىلىق مىللىي ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىگە ۋەكىللىك قىلىپ، تۇرمىي تىلدا سۆزلەشكۈچى كەڭ خەلق ئاممىسى، دېموكراتىك پىكىردىكى تەرەققىيپەرۋەر جامائەتچى-

لىك ۋە ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا: تەبىئىي پەن زىيالىيلىرى، ئالىملىرى تەرىپىدىنمۇ «تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەر ئارىسىغا تۇنجى بولۇپ جەددىزىمنى ئېلىپ كىرگۈچىلەر» دەپ ئورتاق ئېتىراپ قىلىندى. چۈنكى بۇ ئورتاق تەشەببۇسچىلار يالغۇز مىللىي ئەدەبىياتنىڭ يېڭى دەۋرىنى باشلاپ بېرىش بىلەن شۆھرەت قازانغان بولماستىن مۇھىمى، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرگە ئويغىتىش دەۋرى ئېلىپ كەلگەنلىكى بىلەنمۇ شۆھرەت قازانغاندى.

4

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىگە رۇس ئەدەبىياتى ۋە رۇس ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولغان جاھان كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ رۇس تىلى قاتارلىق خەلقئارا تىللارنى ئۆگىنىشى تەرەققىي تاپقان مىللەت ۋە دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق مىللەتنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ چىقىش يولىنى ئىزدەشتەك ئۇلۇغ ئىنسانىي بۇرچ ئۈستىگە قۇرۇلغان يۇقىرى مەدەنىيەت ئېڭى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا لۇشۈنگە، ئابدۇللا توقايغا ئوخشاش «ئەكىلىشپەرۋەرلىك» بىلەن شۇغۇللىنىپ، مىللىي ئەدەبىياتنى شەكىل، مەزمۇن ۋە ئىدىيۋىلىك جەھەتتىن بېيىتىشنىڭ داغدام يولىنى ئېچىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئىسپانىيىنىڭ مەشھۇر ساتىرىك يازغۇچىسى سېرۋانتېسنىڭ ساتىرا - ھەجۋىي ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ئېچىپ تاشلاش مېتودىنىڭ، گېرمانىيە ئۇلۇغ شائىرى گېنرىخ گېيىنىنىڭ جەڭگىۋار سىياسىي لىرىكا ئارقىلىق كونا دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىپ، قوراللىق ئىنقىلاب قىلىشنى تەشەببۇس قىلىش ئىدىيىسىنىڭ، «رۇسىيە ئەدەبىياتىنىڭ بوۋىسى» ئا.س پۇشكىن، «تەبىئەتپەرەسلەر» نىڭ ئاساسچىسى ن. ۋ. گوگولنىڭ تەنقىدىي رېئالىزملىق ھەم ئىنقىلابىي رومانتىزملىق مېتودىنىڭ تەسىرى ئۇنىۋېرسال ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

م. سېرۋانتېس «دونكىخوت» رومانىدا ھەجۋىي تىپ - دونكىخوتنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، دەۋرى ئۆتكەن رىتسارلىق مەستانىلىقىنى قاتتىق قامچىلىغان بولسا؛ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر نۇرغۇن شېئىرلىرىدا تىپىك «مەن» ئوبرازىنى يارىتىپ، يېڭى دېموكراتىك دەۋردە تۇرۇپمۇ ئالغا ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدە قالغان مىللەتنىڭ تۇرغۇن ھالىتىنى كۈچلۈك ھەجۋىي قىلالىدى.

گېنرىخ گېينى «مەدھىيە» ناملىق سىياسىي لىرىكىسىدا كونا دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىپ:

«زۇلپىقارمەن، يالقۇن - مەشئەلمەن،
تۈننى يېرىپ ئۇچقۇن چاچىمەن
جەڭ باشلانسا ئالغا چاپىمەن،
. . . . . . . . .
جەڭ سىگنالى چېلىنسا يەنە،
ئاتلىنىمەن كۈرەشكە شۇئان»

دەپ يېڭى دۇنيا قۇرۇش ئۈچۈن لىرىك قەھرىماننىڭ ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماي ئۆزىنى جەڭ كۈرەشكە بېغىشلىغان مىسلىسىز جاسارىتىنى گەۋدىلەندۈرسە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ «جاننى ئالقانغا ئېلىپ»:

«كۆرگۈلۈكنى كۆرگۈلۈك، يا ئابدۇخالىق ئۆلگۈلۈك،
ئىككىنىڭ بىرىگە تۇرماق، جانغا بولسۇن شۇ خىتاب»
(«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» تىن)
. . . . . . .
«كۆڭۈل - تۈن ھېچ ئۇيقۇ يوق، ۋىجدان ئازابى يەنىچۇ،
ئەلنى ئويغاتماق تىلەك، تاڭدا بىر چۇقان بىلەن.
ئابدۇخالىق ئۇشبۇ يولىدىن قايتما باشىڭ كەتسىمۇ،
ئەلنى قىل غەمدىن خالاس، قىلىچنى بوياپ قان بىلەن»①

دەپ يېزىپ، ئەل ۋەتەن ئۈچۈن جەڭگە ئاتلانغان ئىنقىلابىي «مەن» نىڭ ئۈزۈل - كېسىل كۈرەش قىلىش ئېڭىنى كەسكىن ئىپادىلەپ بەردى.

ئا. س پۇشكىن دوستى چائادايېفقا يازغان سىياسىي لىرىكىسىدا:

«دوستۇم سەن ئىشەنگىن، كۆرىمىز شەكسىز،
نۇر چېچىپ بالقىغان تاڭ يۇلتۇزىنى
مۇقەددەس ئويغىنىش كۆتمەكتە بىزنى،
ھاكىممۇتلەقلىق خارابىسىگە.
يېزىشار شۆھرەتلىك ناملىرىمىزنى»

دەپ يېزىش ئارقىلىق يورۇق كەلگۈسىگە بولغان

---

① «كۆڭۈل خامىشى» شېئىرىدىن.

تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچىنى ئىپادىلىگەن بولسا؛ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ ئىشەنچ بىلەن:

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس، ئابدۇخالىق كۈن ئۈمىد،
سىغىنغانىڭ كېلەدۇر، سۈزۈلۈر شۇندا جاھان»[①]

دەپ يېزىپ، ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىقنى ئەكس ئەتتۈردى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەۋرنى كۆزىتىش، تەنقىد قىلىش، چۈشىنىش ئاساسىدا ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە تەسۋىرلەپ بەرگەن رېئالىستىك شائىر. ئۇ ھەر خىل شېئىرىي شەكىل ۋە ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ئارقىلىق فېئوداللارنىڭ زۇلۇمى ئاستىدا خارلىنىۋاتقان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ۋەكىلى تىپىك «مەن» نىڭ بۇرۇختۇم بولۇش ھالىتى، يۈرىكى مۇجۇلۇشتەك پىغان ـ خورلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، زۇلۇم ـ ئادالەتسىزلىككە قارشى ئىسيانكارلىق روھىدىن بېشارەت بېرىش ئارقىلىق خەلقچىل مىللىي شائىر ئىكەنلىكىنى نامايەندە قىلغان، ئۇنىڭ «بەختىمگۈل»، «قايدىسەن»، «يۈرەك باغرىم ئېزىلدى»، «باھار چېچەكىدىن بىر تەسىر»، «ئىنتىزارلىق» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

شائىرنىڭ «غەزەپ ۋە زار» «يەجۈجى ـ مەجۈجى»، «ئىستىمەس»، «ھار»، «ئىچ پۇشۇش»، «باردۇر»، «دەردى دەۋران»، «بىۋاپا»، «ئارمان»، «مۇزلىدى» قاتارلىق سىياسىي لىرىكا، رۇبائىي ۋە پارچىلىرىدا ئورتاق دەۋرىيلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە رېئال جەمئىيەتنىڭ چىرىكلىككە غەرق بولغان ئادەمخور تۈزۈلمىنىڭ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى تاشبېغىر، قىزىلكۆز تۈلكە، نەپسى بالاخورلارنىڭ رەزىل ھەم ئىنتايىن زەئىپ روھىي دۇنياسىنى، ئۇلارنىڭ شېرىكى بولمىش دىنىي خۇراپاتلىق ھامىيلىرىنىڭ نومۇسسىز شەرمەندىچىلىكلىرىنى ئۆتكۈر ساتىرا ـ ھەجۋىي تىلى بىلەن شەپقەتسىز پاش قىلىپ، رەزىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاشلىرى شائىرنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ساتىرا ۋە تەنقىدىي رېئالىزم مېتودىنى ئېلىپ كىرگەنلىكىنىڭ دەلىلى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئورنى تېخىمۇ يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلدى.

رېئاللىقنى خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى، لىرىك قەھرىمانىنىڭ مەۋج ئۇرۇپ ئۆركەشلەپ تۇرغان مول تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ مۇبالىغىلەشتۈرۈش ئارقىلىق يۈكسەك غايىۋىلىكنى ئەكس ئەتتۈرگەن «ئۈزۈلمەس ئۈمىد»، «ئارزۇ ـ ئارمانىم مېنىڭ»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس»، «ئاچىل»، «ئويغان»، «كۆككۈل خاھىشى» قاتارلىق سىياسىي لىرىكا، بىر قىسىم رۇبائىي ۋە پارچىلىرى ۋە ئالانتلىق ياش ئەدىبنىڭ ئىلغار رومانتىك شائىر سۈپىتىدىمۇ تونۇلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ «ئارزۇ ـ ئارمانىم مېنىڭ» ناملىق شېئىرىدا:

«يار ۋەسلىگە يېتىشتۇر ئارزۇ ـ ئارمانىم مېنىڭ،
بولغۇسى بىر كۈن نېسىپ دەردىمگە دەرمانىم مېنىڭ.
نا ئۈمىد ئوغلان ئەمەسمەن، مىلك جاپا چەكسەممۇ گەر،
ھۆرلۈكتىن تاپماق ۋەتەننىڭ ئاھۇ ئەفغانىم مېنىڭ»

دەپ يازسا، يەنە بىر پارچىسىدا:

يۈرەككە ئوق تېگىپ ياتسام ئىدى ئاستانىدا،
ھەي ـ ھەي،
مازارىم گۈل قۇچۇپ قالسا ئىدى بوستاندا،
ھەي ـ ھەي.
ۋەتەننىڭ ئانا تۇپرىقى گويا ئالتۇن ھىدى زەپەر،
تەۋەرۈك نامىنى يازسام ئىدى داستاندا ھەي
ـ ھەي.

دەپ يېزىپ «يار ۋەسلى» گە يېتىشتىكى ئىلغار غايىۋى تەسەۋۋۇرى ۋە ئىنقىلابىي جاسارىتىنى جاراڭلاتقاندى...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدە بۇنداق كۆپ قىرلىق، خىلمۇخىل مېتودنىڭ كۆرۈلۈشى ئۇنىڭ ئۇلۇغ دېموكراتىزمچى، ئىنسانپەرۋەر، خەلقچىل، مەرىپەتپەرۋەر، يېڭى دۇنيا قۇرۇش مەقسىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ئىنقىلابىي شائىر ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆتكۈر ساتىرىك تىل بىلەن يۇمۇرىستىك تىل، قوللىنىلغان بولۇپ، «مەن» تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. تەنقىدىي رېئالىزم بىلەن ئىلغار رومانتىزم زىچ گىرەلىشىپ، شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى دۇنياۋى خاراكتېرنى ئېچىپ بەرگەن ۋە باشقىلار.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتى ـ مول ھوسۇللۇق، كۆپ قىرلىق ئۇنىۋېرسال ئىجادىيەت. تەرەققىيات دېموكراتىيىنىڭ دۈشمىنى، جاھالەتنىڭ ھامىيسى بولغان شىڭ شىسەي ئەينى يىللاردا ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي جەڭچىنىڭ ياش جېنىغا قارا قولىنى سوزغانىدى.

---

① «سىغىنىش» شېئىرىدىن.

شېڭ شىسەيدىن ئىبارەت بۇ ۋەھشىي جاللات شىنجاڭ خەلقىنىڭ نەزىرىدە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تىز پۈكمەس روھى ئالدىدا مەڭگۈلۈك لەنەت تېمىغا مىخلانغان ئىپلاس چۈپرەندە. نىمجان ئەرۋاھتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەلۋەتتە.

## 5

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئابدۇللا توقاي ۋە ئا. س پۇشكىنغا ئوخشاش ناھايىتى قىسقا ياشاپ، ھاياتلىقىنىڭ قىممىتىنى تۆھپە بىلەن ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئاتەش يۈرىكى «ۋەتەن» خەلق ئۈچۈن سوقاتتى. قولىغا ئالغان ئىشىدىن ئۈنۈم يارىتمىغىچە قويمايدىغان، پىكرى تىرەن، پائالىيىتى ئىنقىلابىي، خەلق ئارزۇسى ئۈچۈن ياشلىق باھارىنى تەقدىم قىلىشتىن يانمايدىغان ھەقىقىي ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك يىگىتى ئىدى. شۇڭلاشقا قىزىقىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ئىدى. ئۇنىڭ قىزىقىش دائىرىسى: يۈرۈش - تۇرۇشتىن ياۋروپاچە كىيىنىشكىچە، جانلىق تىلنى ئۆگىنىش، خەنزۇچە ھۆسنخەت يېزىشتىن دۇنياۋى تىللارنى ئىگىلەشكىچە، فولكلورنى جانلىق ئۆزلەشتۈرۈشتىن خەلقئارا ئىلغار ئەدەبىياتنى ئۆزلەشتۈرگىچە؛ ئىجتىمائىي مەسىلىلەردىن سىياسىي مەسىلىلەرگىچە؛ دىنىي خۇراپاتلىقتىن ئىلغار پەننىي بىلىم، مائارىپ، دۇنياۋى مەدەنىيەتكىچە، تىل ئىسلاھاتىدىن جەمئىيەت، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغىچە؛ رېئالىزملىق ئەدەبىياتىدىن تەنقىدىي رېئالىزملىق، ئىلغار رومانتىزملىق ئەدەبىياتىغىچە، نۇرغۇن كۆزقاراش، مەسىلە، مېتود، روھىي دۇنياغىچە چېتىلاتتى.

بۇ خىل چوڭقۇر ھەم كەڭ نەزەر دائىرىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مىللەت، جەمئىيەت، دۇنيانى بىلىش، رېئاللىقنى ئۆزگەرتىش، مىللەت ۋە ئەۋلاد ئۈچۈن دېموكراتىك ۋە جەڭگىۋار روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەسەرلەرنى قالدۇرۇش؛ مىللەتنى دەۋرنى يېتەكلەپ ماڭالايدىغان ئەزىمەت - غالىپنىڭ قۇدرەتلىك روھى - «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روھى» نى قالدۇرۇپ كېتەلىشىنىڭ ئاساسى بولدى.

ماركس: «بىر دەۋرنىڭ خاراكتېرى ياشلار ۋەكىللىك قىلالايدىغان خاراكتېر؛ بىر دەۋرنىڭ روھى ياشلار ۋەكىللىك قىلالايدىغان روھ» دېگەنىكەن. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر باشلاپ بەرگەن خاراكتېر ۋە روھ 30 -، 40 - يىللاردا تەۋپىق ئەپەندى، ئەنۋەر ناسىرى، ل. مۇتەللىپ، زۇنۇن قادىرى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى، 50 -، 60 - يىللاردا يەنە زۇنۇن قادىرى، پاشا ئىشان، ت. ئېلىيوپ، 70 -، 80 - يىللاردا زوردۇن سابىر، مەمتىمىن ھوشۇرلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىپ راۋاجلاندۇرۇلدى. 90 - ۋە 2000 - يىللارغا كەلگەندە بۇ روھ مۆجىزە ياراتتى: خەلقىمىز ئارىسىدىن ئادىل ھوشۇر، ئابدۇشۈكۈر مىجىت، خالمۇرات غوپۇر، روشەنگۈل ئەبەيدۇللا، تۇرسۇنتاي ئىبراھىم، ئايتۇرسۇن نىياز، دىلنار ئابدۇللا، نۇرتاي ھاجىم، ھوشۇر ئىسلام، قۇددۇس ھاپىز، ئابدۇراخمان ئابلىكىم، ئادىلجان ۋە جۈرئەت ئوبۇلقاسىم قاتارلىق ياشلار مەيدانغا چىقىپ ئەجداد روھىنى ياشناتتى، مىللەت ۋە دەۋرنىڭ ئەزىمەتلىرى بولۇپ دۇنياغا تونۇلدى.

ئىشەنچىمىز كامىلكى، يېڭى ئەسىردىكى ياشلىرىمىز ئۇرغۇپ تۇرغان جاسارىتى، قان ۋە تەرى، ئەقىل - پاراسىتى بىلەن مىللەتنىڭ، دەۋرنىڭ خاراكتېرى ۋە روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىن كېلىدىغان خىرىس ھەم رىقابەتلەرگە جەڭ ئېلان قىلىپ ئىجابىي جاۋاب بېرەلەيدۇ.

ھېكمەتلەر دۇنياسىدا گېئورگى بېرناردشاۋ شۇنداق دەپ ئېيتقان: «ئادەمنىڭ ھاياتى بىر تال قىسقا شام ئەمەس، بەلكى بىز ۋاقىتىنچە كۆتۈرۈۋالىدىغان مەشئەل. بىز ئۇنى چوقۇم ياندۇرۇپ پارلاق نۇر چاچقۇزغاندىن كېيىن، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك.»

ئەجداد روھى، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روھى» مەڭگۈ نۇر چاچقۇسى.

### پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار:

لۇشۈن «چۇقان» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 2 - ئاي نەشرى.

2. «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنى» 1988 - يىل 5 - ئاي نەشرى.

3. ئابدۇشۈكۈر موللەك «لۇشۈن ۋە خەلق ئەدەبىياتى توغرىسىدا» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1995 - يىل 2 - سان.

4. رەھمىتۇللا جارى «مەشھۇر تاتار شائىرى ئابدۇللا توقاي شېئىرلىرىنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1990 - يىل 3 - سان.

5. «چەت ئەل تاللانغان شېئىرلىرى» ناملىق كىتاب.

6. «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرى» ناملىق كىتاب.

**مۇئەللىپ قورغاس 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بويىچە ئالىي لېكتور**

# ھەقىقەت ۋە تەسەۋۋۇپ

يۈسۈپ ھۈسەيىن (قەقنۇس)

## 1. تەسەۋۋۇپنىڭ تەبىرى

بۇ ئۇقۇم ھەرپ ۋە تاۋۇشتىن بىلىنىپ تۇرىدۇكى، تەسەۋۋۇر دېگەن ئۇقۇمدىن كېلىپ چىققان. ھەرپشۇناس (ئارىف) بۇ ئىككى سۆزدە «ر» ھەرپى بىلەن «ف» ھەرپىنى پەرقلەندۈرگەن. ئەگەر بۇ ئىككى سۆز ئەرەب تىلىدىن بۇرۇنقى ئىبرىي تىلىدا ۋە ھەتتا گىرېك (يۇنان) تىلىدىمۇ بولغان دېيىلسە، ئۇ چاغدا ھەرپ پەرقلىرى R ۋە P شەكلىدە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ ئىككى خىل سېلىشتۇرمىنىڭ ئۆزىنىلا تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرگەندە بىرىنچى شەكىلدە نېمە ئۈچۈن ز دېگەن ھەرپتىكى چېكىت ئۆچۈپ ر بولۇپ ئاندىن ف ھەرپىگە ئۆزگىرىپ قالدى؟ تەسەۋۋۇر دېگەن روھنىڭ ئۇچۇشى (ئېنېرگىيىلىك چىقىش) دېمەكتۇر. شۇڭا، ئۇ سۆزدە، چېكىت ئۆچۈپ ر قالغان ۋە بۇ چېكىت ئۆچۈپ، روھنى تۇتقۇچى (ئېنېرگىيىلىك كىرىش) ئىگىلىگەن باشقا قونۇپ ف بولغان.

بۇ سۆز ئويۇنىدىن بىز تەسەۋۋۇپنىڭ ئىلىم خاراكتېرىنى كۆرىمىز. خوش، ئۇنداق بولسا تەسەۋۋۇپ زادى قانداق ئىلىم؟ تەسەۋۋۇپ — مەنتىقلىق تەسەۋۋۇر ۋە ياكى تەسەۋۋۇر مەنتىقىسى ۋە ياكى تەسەۋۋۇر قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى ئىلىمدۇر. تەسەۋۋۇر كۆز بار جانلىقتىكى ئىپتىدائىي ئىقتىدار. بۇ بولۇپمۇ ئىنسانلارنىڭ چوڭ مېڭىسى تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇرا مېڭىدىكى كۆز يىلتىزى چوڭ مېڭىگە كېڭەيگەن ۋە كۆپەيگەن ھۈجەيرىلەر پوستلىقىدىكى ئېلېكترونلۇق (مىكرو – زامان، ماكان) ھەرىكىتى ئىقتىدارى. لېكىن، ئىنسانلارنىڭ بۇ تەبىئىي ئىقتىدارنى جارى قىلىش دەرىجىسى (مىقدار سۈپىتى) ئوخشاش ئەمەس. بىزدە تەسەۋۋۇپنى سوفىزم ۋە ياكى سوفىستىك مېتود بىلەن باغلاپ قارىغۇچىلار مەۋجۇت. سوف بەزىدە پەيلاسوپ دېگەنگە ئوخشاش مەنە بەرسە، بەزىدە سۈزۈكلۈك دېگەن مەنىدە. بەزىدە نەپەستىكى «سوف» دەپ دەم ئۇرۇشنى كۆرسەتكۈچى مەنىدە ۋە بەزىدە پاكىز جەندە مەنىسىدە تەبىرلەنگەن. بۇ مۇناسىۋەت نەزەرىيىۋى گراماتىك چۈشەنچىدە بىر – بىرىگە سەۋەب – يەكۈن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپنىڭ مەنىسى كەڭرى ۋە چوڭقۇر. سوفىزم بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ شېرىكلەشكەن مەنپەئەت بىرلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن تار مەنىگە ئىگە. ئىككىسىنى باراۋەر قىلىش خۇددى ئاسمان گۈمبىزى بىلەن دوپپىنى باراۋەر دېيىشكە ئوخشاش نادانلىق.

تەبىئىي تاللىنىش — جانلىق ۋە ئىنساننىڭ ھاياتى مەنپەئەت سېزىملىرىدىكى ئۆزئارا زەرەتلىنىش ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ ئىنسانلاردا بۇنداق زەرەتلىنىش تەسەۋۋۇردا تېز ئەكس ئېتىدۇ. بۇنى ئېتىراپنى ئېتىراپ قانۇنى ۋە مىقدار سۈپەت قانۇنى جەھەتتىن قارىغاندا تاللىنىش ھادىسىلىرى ئېتىراپنى ئېتىراپ بولسا، مىقدار سۈپەت ھەربىر ئايرىم نەرسە ۋە زەررىدىكى تەسەۋۋۇرلۇق ئېلېكترونلۇق ھەرىكەتتۇر. سۇ بىلەن سۇ سىڭىشىدۇ، بۇ تەبىئىي تاللىنىش. سۇ بىلەن ياغ سىڭىشمەيدۇ، بۇ تاللانماسلىق. لېكىن سۇ بىلەن ياغدىمۇ ئۆزىگە خاس مىقدار سۈپەت مەۋجۇت. يەنى مىقدار سۈپىتى تاناسىپ كەلسە ئېتىراپ قىلىشىپ تاللىشىدۇ. تاناسىپ كەلمىسە، ئىنكار قىلىشىدۇ، تاللانمايدۇ. مەسىلەن، بىر قېرى ئەر كىچىك قىزغا ھەۋەس قىلدى، دېسەك، ئەرنىڭ تەبىئىي تاللىشىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن كىچىك قىزنىڭ تارتىلىشى كىچىك ئەر (مەۋھۇم بولسىمۇ) تەرەپ بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ مۇھەببەتتىكى تاللىنىش بولمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى بولغان كىشىلەرنىڭ ھەر خىل مەسلەك زىغ گۇرۇھلىرىغا تاللىنىشلىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ ھەر خىل مۇرەككەپ ئىقتىسادىي، ھېسسىياتى مەسىلىلەر مەۋجۇت.

ھەرقانداق ئىلىمنىڭ مەلۇم دەرىجىسىدە كەس-
پىي سۆھبەت بولىدۇ . خۇددى شۇنىڭدەك ، تەسەۋ-
ۋۇپ ئىلىمىنىڭ يۇقىرى كەسپىي دەرىجىسى تەۋھە-
ھۇد (تەۋھىد ) دېيىلىدۇ . خۇددى شېئىرىيەت
كەسپىدىكى كىشى شائىر دېيىلگەندەك تەسەۋۋۇپ-
تىكى تەۋھھوت كەسپىي دەرىجىسىدىكى كىشى نا-
مى تاھىر دېيىلىدۇ .

2 . تەسەۋۋۇپ تارىخى

تەسەۋۋۇر ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئىقتىدارى
بولغانلىقى ئۈچۈن مەنتىقىلىق (تەرتىپلىك ) تە-
سەۋۋۇر قىلىش كەسپى تارىخىمۇ ئىنسانىيەتكە
ئورتاق . قەدىمكى يۇناندىكى مەدەنىيەت – سەنئەت
نەتىجىلىرىنى بىر مەنۇۋى چوققىسى دېپ قارىساق ،
بۇ دولقۇنسىمان چوققا ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئاسىيا
«دولقۇنلىرى» پەسلىگەندىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن
دولقۇن چوققىسىدۇر . شۇڭا ، بۇ يۇنان دەۋرىدىكى
ئەپلاتون ، سوقرات ، ئارىستوتېل قاتارلىقلار ، شۇ-
نىڭدىن كېيىنكى ئىران ، ھىندىستان ۋە رىم ئىم-
پېرىيىسى تاكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەرەب ئىسلام
ئىمپېرىيىسى قەدەر قەدىمكى ئۈپۈق تەرىقىسىدە
كۆرۈنۈپ تۇردى . ئوتتۇرا ئەسىردە بولسا ، ئەرەب
ئىسلام تەسەۋۋۇپ دەرىجىسى يۈكسەك كۆرۈنگەنلى-
كى ئۈچۈن ، تەسەۋۋۇپ — ئىسلامىيەتكە مەنسۇپ
دېيىلىدۇ . ۋەھالەنكى يېقىنقى ئەسىرلەردە ياۋروپا
سانائەت تېخنىكا دەۋرىگە كىرگەندىن كېيىن تە-
سەۋۋۇپ دولقۇنى ياۋروپاغا كۆچتى . ئەرەب تىلىدى-
كى ئۇقۇملار لاتىن تىلىغا ئۆزگىرىپ كەتتى . بۇ
تارىخ خۇددى پانتېئىزم دېگەن بىلەن تەسەۋۋۇپ
دېگەن سۆز پەرقىگە ئوخشاپ كېتىدۇ . ئەگەر لاتىن
تىلىدىكى پەيلاسوپ مۇتەپەككۇرلارنى ئەرەب تىلىدى-
كى ئۇقۇملار بىلەن ئاتايدىغان بولساق ، نۇرغۇن
ئوخشاشلىقلارنى ھېس قىلمىشمىز مۇمكىن . مە-
سىلەن ، ماركسمۇ ئۇلۇغ تەسەۋۋۇپ (تاھىر ) . ئۇ
قوللانغان پرولېتارىيات دېگەن ئۇقۇم ئاستىدا دەر-
ۋىشلىك ئەقىدىسى بولغان «ۋەھرەت» ، ئۇ ئىختىرا
قىلغان كوممۇنىزم پرىنسىپلىرىدا جەننەت تەسەۋ-
ۋۇرلىرى مەۋجۇت . بۇنى سوتسىيالىزم ئاستىدا
فرانسىيە ئوتوپىيەسى ، فرانسىيە ئوتوپىيىسى ئاس-
تىدا ئىسلام تەسەۋۋۇرىدىكى جەننەت غايىسى ، نې-
مىس پەيلاسوپلىرى گېگىل ، گيوتى ، ئاستىدا ھا-
پىز ، جالالىدىن رومى بارلىقىنى ئەسلەش كۇپايە .
بۇ ئىلىمنىڭ ئۆزى ئەسلى تەسەۋۋۇر مېتودى
بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئۆزىگە تەسەۋۋۇر مېتو-
دىنى قوللىنىپ تەمسىل قىلىپ ، ئىنسانلىقنى كۆ-
پىيىۋاتقان «كۆمۈر» ، پىرمانلىق (ھايۋان ) نى
كۆيمىگەن «كۆمۈر» دېسەك ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى
غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسەۋۋۇپ مەيدانلىرى
ياۋروپا كاۋكاز تەرەپتىن كەلگەن كۆيۈك ئۇچقۇنلى-
رىنىڭ كېڭىيىشى دېمەكتۇر . كۆيۈش بىلەن كۆي-
مەسلىك (يورۇق – سوغۇق ) ئارىسىدىكى خىمىيە-
ۋى (فىزىئولوگىيىلىك ) رېئاكسىيە ، ھەرقايسى
«تاھىر» لارنىڭ كونكرېتنى ئىقتىسادىي ، ھېسسى-
ياتى خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىدۇ . مەسىلەن ،
ئىسلامىيەت دەستۇرى بولغان «قۇرئان» ، «ھە-
دىس» $\frac{7}{1}$ نەقلىدىكى ئافرىقا – ئەرەب يېرىم ئارىلى-
دەك ياۋاي رايونغا كۆرە زور دەرىجىدە ئىلغار ۋە
ئىجابىي بولغان $\frac{6}{2}$ نىسبەتكە ئىگە دېيىلسە ، شۇ-
نىڭدىن كېيىنكى ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەر خىل
تەسەۋۋۇپ ئېقىملىرى ۋە «تاھىر»لارنىڭ مەشھۇر-
لىرىنىڭ خاراكتېرى پەقەت $\frac{6}{2}$ نىسبەت بىلەن $\frac{5}{3}$
نىسبەت ئارىسىدىكى ئۆزگىرىش ئۇچقۇنلىرىدۇر ۋە
بۇلارنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ياۋروپا تەرەققىياتىدى-
كى $\frac{5}{3}$ نىسبەتكە ھەسسە (كەررە ) بولۇپ قوشۇلۇ-
شى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس .

3 . ئىسلام تەسەۋۋۇفىدىكى تارىخىي چەكلىمە

ھازىردىن تۈرۈپ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا قا-
رىساق ، ئەلۋەتتە «بوۋايلار ئەقلىدىكى» نۇرغۇن
چەكلىمە مەلۇم بولىدۇ . بوۋايلار بۇنى «تۈزىتىش»
نى بوۋاقلارغا قالدۇرغان . بوۋاقلار چوڭ بولۇپ
ئۇنى تۈزەتسە ، بوۋايلار ئەرۋاھى خۇشال بولىدۇ .
ئىسلام تەسەۋۋۇفىدىن خەۋەردار كىشىلەرگە مە-
لۇمكى : ھەممە شەرىئەت (ئادالەت ) ، تەرىقەت
(سائادەت ) ، پەزىلەت (پاراسەت ) ، ھەقىقەت (قا-
نائەت ) دېگەن سەككىز ئۇقۇمنى ئېتىراپ قىلىدۇ ،
ۋەھالەنكى ، بەزىدە ھەقىقەت (قانائەت ) ئورنىغا پانا
(پانى ) ۋە ياكى (ۋەھدەت ) ئۇقۇمىنى قويىدۇ . بۇ
چەشەنچە ، بوۋايلارنىڭ ھەقىقەت ئۇقۇمىغا بولغان
تەبىرىدىكى چەكلىمىدىن بولغان . شۇڭا ، تۆتىنچى
(سەككىزىنچى ) ئۇقۇم ئورنىغا ۋەزىيەت دېگەن ئۇ-
قۇمنى قويۇشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ ئۇقۇم سۇبىيېك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تىپ (مىكرو) مەنىدە بەدەن ۋە مېڭىنىڭ دەقىقى زامان ماكان ئەھۋالىنى، ئوبيېكتىپ (ماكرو) مەنىدە بەدەن ۋە مېڭىگە تەسىر قىلىپ تۇرغان تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ زامان، ماكان شارائىتىنى ئىپادە قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ شەرىئەت (ئادالەت)، تەرىقەت (سائادەت)، پەزىلەت (پاراسەت)، ۋەزىيەت (قانائەت) نى ئالەمنىڭ پەلسەپىۋى قانۇنى بولغان تۆت ئۇقۇمغا ئۇدۇل قىلساق، ① ماتېرىيەنىڭ (ئېنېرگىيىنىڭ) ئايلىنىش قانۇنى بىلەن شەرىئەت، ② سەۋەب ـ يەكۈن قانۇنى بىلەن تەرىقەت، ③ ئېنتراپىنى ئېنتراپ قانۇنى بىلەن پەزىلەت، ④ مىقدار سۈپەت قانۇنى بىلەن ۋەزىيەت ئۇقۇمى توغرا كېلىدۇ.

مۇشۇنداق تۈزىتىشتىن كېيىن، ئاندىن تەسەۋۋۇپ بىلەن ھەقىقەت مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئېنىق سېلىشتۇرما قىلغىلى بولىدۇ.

## 4. تەسەۋۋۇپ بىلەن ھەقىقەتنىڭ مۇناسىۋىتى

ماتېماتىك تەپەككۇردا $\frac{4}{4}$ كەسىرنى ھەقىقەت بەلگىسى دېسەك، $\frac{7}{1}$ . $\frac{6}{2}$ . $\frac{5}{3}$ كەسىرلىرىنى تەسەۋۋۇپنىڭ زامان ماكان پەرقلىرى، يەنى شەرىئەت، تەرىقەت، پەزىلەت، ۋەزىيەت توغرىسىدىكى سۇبيېكتىپ بىلىش پەرقلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

گېئومېتىرىك تەسەۋۋۇردا چەمبەردىكى ئىككى كەسمە سىزىق تۆت ئۇچبۇلۇڭنى شەرىئەت، تەرىقەت، پەزىلەت، ۋەزىيەت ئورنى ۋە ئايلانمىسى دېسەك، چەمبەر مەركىزىدىكى چېكىتنى ھەقىقەت دېيىش مۇمكىن. نەزەرىيىۋى تەپەككۇردا تەسەۋۋۇپ تەسەۋۋۇر مەنتىقى ئىلمى بولغانلىقى ئۈچۈن، تەسەۋۋۇر قىلغۇچى «تاھىر» مېڭىسىنىڭ مىكرو قۇرۇلمىسى بىلەن ئالەملىك بوشلۇقتىكى ماتېرىيە ۋە ئېنېرگىيىنىڭ ماكرو قۇرۇلمىسى تاناسىپ. بۇ تاناسىپ «تاھىر» لارنىڭ ئالەمنى توغرا تونۇشىغا سەۋەب يەكۈن بولغان. ماكرو بىلەن مىكرو بىر ـ بىرىنى ئېنتراپ قىلغان. ماكرو ـ مىكرونىڭ مىقدار سۈپەت ئۆزگىرىشلىرىدە ئامانلىق، راۋانلىق، تۈز ئۆز، تەڭكەڭ، تولۇق بولۇق بولۇشى ئۈچۈن سەۋەب بولغان ۋە ياكى تەڭرىنىڭ بەندىگە رەھمىتى بولغان. ۋەھالەنكى ئىسلامىيەت تەسەۋۋۇپنى تەتقىق قىلغان ھازىرقى زامان ئالىملىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى تەسەۋۋۇر مۇتەپەككۇرلىرى (مۇتەخەسسىسلىرى) بولغان «تاھىر» لارغا كونكرېتنى باھا بېرىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، ئۇ «تارىخىي مەۋھۇمىيەت» نى ئېنىقلاش سەۋىيىلىرى ھەر خىل بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر خىل باھا بەرگەن. بۇ باھا دەل ئاشۇلارنىڭ سۇبيېكتىپ خاراكتېرىنىڭ ئىنكاسى بولدى ۋە ئۇلارمۇ تارىخىي ماتېرىيالغا ئايلاندى، ئەلۋەتتە. كەمىنەمۇ بۇنداق تارىخىي تەقدىردىن خالىي ئەمەس.

ئىسلام تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى مەشھۇر كىشىلەردىن ھەسەن ئەلى بەسرى، ھەسەن ئەلى بەستامى، ئەبۇبەكرى. ئەش شىبلى، ئىبراھىم ئەدھەم، پەرىدىن ئەتتار، مەنسۇر ھەللاجى، جالالىدىن رۇمى، باھاۋۇدىن نەقشبەندى . . . ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىقلارنى ئالساق، ھەربىر كىشىنى بىلىش ئۈچۈن كونكرېتنى ھاياتنى ئېنىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ھاياتى سەۋەبنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ يەكۈن باھاغا كېلىش مۇمكىن ئەمەس.

مەسىلەن، مەنسۇر ھەللاجىنى ئالساق، ئۇنىڭ ياشىغان دەۋرى ھەزرىتى ئەلى ئوغلى ھەسەن ۋە ھۈسەيىن تراگېدىيىلىك تەقدىرگە يۈزلىنىپ، شىئە مەزھىپى سەرسان بولغان باغدات خەلىپىلىكى دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ھەقتىكى ھېكايەت — ئاكا ـ سىڭىل قىسمىتى، ئەتراپىدىكى بېسىم ۋە سىقىم مەنسۇرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى جىنسىي تاناسىپنى ۋە سىڭلىسىنىڭ جىنسىي تاناسىپنى ئىزدەشكە مەجبۇرلىغان. جىنسىي تاناسىپنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن شادلىغىدىن ئەنەل (سىڭلىسى) ھەق ۋە مەنەل (ئۆزىنىڭ) ھەق مىلودىيىسىنى ياڭراتقان ۋە ئۆزىنى كىرېست تەرەپكە مەنسۇپ قىلدۇەتكەن.

جالالىدىن رۇمىنى ئالساق، ئۇ ياشىغان دەۋردە كاۋكازدا سەلجۇق تۈركلىرى ئورنىنى ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىگىلەپ سەلجوق ئەۋلادى ۋەيران بولۇشقا يۈزلەنگەن ۋە ئۇلار ئەتراپىدىكى رايونلارغا چېچىلىپ كەتكەن. رۇمى غەزەللىرىدىكى ھەتتا ئىسلامىيەتنىڭ ئۆزىگىمۇ نارازىلىق كېيىنكى خەلىپىلىك خىلاپىتىگە ئىسيان ئىدى.

يەنە سوپى ھەسەن ئەل بەسرى (مىلادىيە 642 — 728) مۇ ئەلى ئەۋلادى تراگېدىيىسىدىن كېيىنكى خەلىپىلىككە نارازى ھېسسىياتىنى ئاساس

قىلغان .

ئومۇمەن ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەنپەئىتىنى
چىقىش قىلىپ ، بىر قەدەر ئورتاق خۇسۇسىيەت ،
ھەتتا «قۇرئان» نى تەتقىق قىلغان ئالىملارمۇ
«قۇرئان» ، ھەدىستىكى تىپىك ئىدىيىنىڭ ئىككى
باسقۇچلۇق دەۋرى ئالاھىدىلىككە ، يەنى ئىككى
خىل ۋەزىيەت ئىپادىسىنى — پەيغەمبەر موقۇق
ئىگىلەشتىن ئىلگىرىكى «ئىنقىلاۋى» مەزگىلى ،
موقۇق ئىگىلىگەندىن كېيىنكى ھۆكۈمرانلىق مەز-
گىلى پەرقىنى ھېس قىلىشقان . كەمىنىنىڭ ھېس
قىلىشىچە ، ئىسلامىيەتتىكى شىئە ۋە سۈننىي ئېقى-
مى ئاشۇ ئىككى خىل خاراكتېرنىڭ ۋارىسلىقىدىن
ئىبارەت .

5 . تەسەۋۋۇپ مېتودىدىكى پەرق ۋە
غەرق

تەسەۋۋۇپ تەبىئىي ئالاھىدە ئىقتىدارلىرىنىڭ
بولىقى ، شۇنداقلا ئالاھىدە ئىقتىدارنى يېتىشتۇ-
رۇش تەجرىبىسىنىڭ — تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يو-
لى . چۈنكى ئالاھىدە ئىقتىدار دېگەن ھەر خىل
ھاشارات ۋە ھايۋانات ئارتۇقچىلىقىنى ئۆزلەشتۈرۈپ
جارى قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن ، تەسەۋۋۇر بىلەن
جىسمى ھالەت قىلىش شەرت .

تەسەۋۋۇپ ئەۋلىيالىرى بولغان «تاھىر» لار-
نىڭ گۇمپا سىرى ھەر خىل بولسىمۇ ، نەزەرىيىۋى
مېتود جەھەتتىن ئىككى خىل . بۇنى يەكۈنلىگەن
ۋ . زاھىدوپ (1987 - يىل 20 - سان «بۇلاق»
دىكى «تەسەۋۋۇپ توغرىسىدا» غا قارالسۇن ) ئىك-
كى مىسالنى كۆرسەتكەن .

بىرى ، سوپى سەيىد ئەمىر كولال : ئەۋلىيالار
ئەۋلىيالىقنى تۆت نەرسە بىلەن ئىگىلەيدۇ ، بۇلار
ئاچلىق ، خارلىق ، سۈكۈت ، تەنھالىقتۇر دېگەن .

بۇ يول بۇددىزمغا تاقىلىدۇ . بۇنىڭ مەزمۇنى-
نى جالالىددىن رومى قاراشلىرى ئېنىق كۆرسىتىپ
بېرىدۇ . كۆزلىرىڭنى تىكىپ قويغىن . قەلبىڭ
كۆز ئورنىنى ئىگىلىسۇن . دۇنيانى تامامەن باشقى-
چە كۆرسەن . . . «تاشقى قۇلاقنى ئەتمىگۈچە ئىچ-
كى قۇلاق ئاڭلىمايدۇ . . . ساماۋى تەفىت ئۈستىدە
پەردىكى زەررىدىن ئاسماندىكى يۇلتۇزغىچە ھىجران
ئازابى ۋە ۋەسىل ئارامىدا بارلىق كۆرگەنلىرىڭنىڭ
ھەممىسى مەن ئىنجىل ، قۇرئان ، ھەممىسى مەن .
ئوت ، سۇ ، يەل يەر پەرىشتىلەر . جىنلار ، دىۋى-
لەر ، ئەرۋاھلارنىڭ ھەممىسى مەن ، مەندە نە بە-
دەن ، نە جان بولسۇن ، ئۆزۈم جانلارنىڭ جېنى ،
ئۆزۈمدىن ئىككىلىكنى ھەيدىدىم ، كۆردۈمكى ئىك-
كى دۇنيا بىردۇر . »

ئىككىنچىسى ، باھاۋۇدىن نەقشبەندىيە يو-
لى . بۇمۇ تۆت مەزمۇندىن ئىبارەت . ① خىلۋەت
دەر ئەنجۇمەن (كوللېكتىپ ئىچىدىكى تەنھالىق )
② سەفەردەر ۋەتەن (تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئارى-
لاش ) ③ نەزەردەر قەدەم (قەدەم تەڭلىمىسىگە
دىققەت ) ④ خوش دەردەم (نەفەشتىكى تەڭلىمىگە
ھەۋەس )

بۇ يولنىڭ مەزمۇنى : تەڭرى نۇرىدىن بىر
زەررە بەندىگە لايىق . زاھىر ئېھتىياجىدىن خەلق
بىلەن ، باتىن ئېھتىياجىدىن تەڭرى يادى بىلەن
بولۇش ، بۇ يول سالىكلىرى بىر - بىرى بىلەن
سۆھبەت تۇتسالەر ، ئاندا كۆپ خەيرىيەت ۋە بەرى-
كەت . . . مۇساپىر بول ئەمما ۋەتەن ئىچرە بول ،
خىلۋەت تىلە ئەنجۇمەن ئىچىدە بول .

بۇ ئىككى پەرقنى تەتقىق قىلغاندا قارىماققا
ئوخشاش ئەمەستەك كۆرۈنسىمۇ ، زامان ماكان
كۆادرات چۈشەنچىسىدە بىر - بىرىنى شەرت قىلى-
دۇ . يەنى بىرىنچى زاماندا سەيىدكولال بولۇپ
سۇبيېكتىپنى — ھالال - هارام چۈشەنچىسىنى
ئېنىقلاپ بولۇپ ، ئىككىنچى زاماندا نەقشبەندى
بولۇپ ، ئوبيېكتىپ ئىچىدە سۇبيېكتىپ ھالال
مەۋقەسى بىلەن قۇش ئاسماندا ، بېلىق دېڭىزدا
ئۈزگەندەك يۈرۈش مۇمكىن . گەرچە ۋ . زاھىدوف
ئەخمەت يەسسۇيگە تەنقىدىي قارىغان بولسىمۇ ، ئەخ-
مەت يەسسۇي زامانىسىغا كۆرە ئىككى پەرق بىرلە-
كىنى جارى قىلغان ، ئاندىن سۆگرە «تا ئەتىدىن
تاپماس مەلال ، باتىنىدىن كېتەر ھەبىبىس پاسىق
خىيال ، زاھىر باتىن سالىك بولۇر . سابىھ جەمال
جەمالىدىن نۇر باتىن تابان بولۇر . » دېگەن گەپلەر
بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ .

ئەمدى «قۇداتقۇبىلىك» نى ئالساق ، ئۇ مەدە-
نىيەت تارىخىمىزنىڭ 11 - ئەسىردىكى مەشھۇر
تەسەۋۋۇپ چوققىسىدۇر . بۇ جەھەتتە نۇرغۇن تەت-
قىقات ئەسەرلىرى يېزىلدى . كەمىنە تەسەۋۋۇپ
مېتودى ئارقىلىق ئەسەردىكى مەنتىقىنى مۇنداق
مەنزىرە بىلەن سۈپەتلىمەكچى .

ئەسەردىكى كۈنتۇغدى شەكلى
(ئەمدى تۇغۇلۇۋاتقان كۈن ) ، ئايتولدى ○
(تولۇنئاي ) ، ئۆگدەلمىش ھىلال (  ) ، ئودغۇر-

مىش قىرال (  ) . بىز بۇ شەكلى مەنزىرىگە
دىققەت قىلساق ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام توغرى-
سىدىكى ھېكايەتتە كۈننى ئورنىدا توختىتىپ قوي-
غان ۋە ئاينى پارچىلاپ يەنە قوشقان مۆجىزە توغرى-
سىدىكى گەپنى كۆرىمىز . ئەمدى مەزكۇر شەكلى
مەنزىرىگە قارىساق ، كۈنتوغدى (توختاپ قالغان
كۈن ) ، ھىلال بىلەن قىرال (پارچىلانغان تولۇن-
ئاي ) بولىدۇ . كۈنتوغدى ــــ ئادالەت ــــ مۇت-
لەق جىنسى تاناسىپنى بەلگە قىلغان يۈسۈپ ئەلەي-
ھىسسالام .

ئەسەردىكى ئودغۇرمىش ــــ يۇقىرىدىكى مې-
تودنىڭ بىرىنچى گەۋدىلىنىشى . ئاچلىق ، خار-
لىق ، سوغۇق ، تەنھالىق تەجرىبە باسقۇچى . ئۆگ-
دۈلمىش ئىككىنچى گەۋدىلىنىشى (خەلق ئىچىدى-
كى يەكلىك ، جاھان كەزگۈچى قەدەملىرىگە ، نە-
فەسلىرىگە دىققەت قىلغۇچى ئەمەلىيەت باسقۇچى .
بۇ ئىككى باسقۇچ بىر سوتكىدا كۈنتى نىشانلاپ ،
ئايدەك : ھىلال ـ تولۇن . قىرال قولۇن بولۇپ
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ .

«قۇداتقۇ بىلىك» نى تەسەۋۋۇپ كۆزىدە تارى-
خىي جەھەتتىن تەكشۈرسەك ، كۈنتۇغدى ــــ مۇت-
لەق ھەقىقەتنى بىلدۈرگۈچى يۈسۈپ پەيغەمبەر .
ئايتولۇن ــــ 10 ـ ئەسىردە ئىلىمدە كامالەتكە
يەتكەن «تاھىر» ــــ ئەبۇ نەسىر (ئەخمەت ) فارا-
بى ، ئۆگدۈلمىش ــــ يۈسۈپ قادىرخان (خاس
ھاجىپ ) ئۆزى ، ئودغۇرمىش ــــ «ئىنجىل» نىڭ
تۆنجى ئاپتورى قۇددۇسلۇق يەھۇدىي يۈسۈپ بولى-
دۇ . كۈننىڭ توختىتىلىشى ۋە ئاينىڭ پارچىلاپ
«قوشۇلۇشى» ئەنە شۇنداق مىڭ يىللىق تارىخ قات-
لاملىق تاناسىپ (لاماكان لازامان ) يەكۈننى بېرى-
دۇ .

بۇنداق تارىخىي قاتلىنىش تاناسىپلىقى مىسال-
نى ئەلىشىر نەۋائى ھاياتىدىن ھېس قىلىش مۇم-
كىن . مەسىلەن ، 1470 ــــ 1480 ـ يىللاردا
ئەلىشىر نەۋائى «خەمسە» نى تۈزگەندە 12 ـ
ئەسىردىكى نىزامى گەنجىۋى تەكرارى بولىدۇ . نى-
زامى گەنجىۋى سەلجۇق تۈركلىرىدىن بولۇپ ،
غەزنىۋى خانلىقى دەۋرىنى مەنبە قىلغان . نەۋائى بۇ
تاناسىپنى بىلىپ 1490 ـ يىللاردىن كېيىن 1500
ـ يىلى مەنتىقۇتتە يىر» نى يېزىپ پەرىدىن ئەتتار-
بىلەن تاناسىپ ھاسىل قىلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن بىر
«پىسانى» يەكۈنلەنگەندىن كېيىن ، سۇلتان سەنجەر
(ئەخمەت ) نى ـ ئاندىن مۇھەممەد يۈسۈپ پەرسا
بولۇپ ئاخىرىدا يۈسۈپ قادىرخان ئىككىنچى بىلەن
يەكۈنلىنىدۇ .

ئومۇمەن ئالغاندا تەسەۋۋۇفنىڭ بىلىش ۋە مې-
تود مەسىلىلىرى ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى
ۋە پائالىيەت ئۇسۇلىنىڭ خىلمۇ خىللىقىدىن ئىبا-
رەت . بۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . ئىنسانلارنىڭ
كونكرېتنى مەۋجۇتلۇق مەنپەئىتىنى ساقلاش ئېھ-
تىياجى . ھەر خىل گۇمپا ۋە مەزھەپ ناملىرىنى
نىقاب قىلغان بولسىمۇ ، ھاياتلىقنىڭ جىسم ۋە مۇ-
قىم دىئالېكتىكىسىدىن تاشقىرى ئەمەس .

## 6 . ھازىرقى مەسىلىلەر

تەسەۋۋۇف لاتىن تىلىدىكى ئىزىملار ئىسمى
بىلەن بولسۇن ياكى شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى
مىللىي تىللاردىكى ئىسمى بىلەن بولسۇن يەنىلا
مەۋجۇت . ئىسلامىيەت رايونلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى ئەنئەنىۋى تەرىپلىرى يەنىلا مەۋجۇت . ئەمما
ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ماكانىمىزدا ئوتتۇرا ئەسىرگە
خاس ئىسىملار ئۆزگەردى . سىياسىي ( ئىقتىسا-
دىي ، ھېسسىياتى ) تۈزۈم ئۆزگەردى . نەتىجىدە
بىزدە ماتېرىيالىزم ، ئىدېئالىزم ، مېتافىزىكا ، دى-
ئالېكتىكا دېگەندەك لاتىن تىلىدىكى پەلسەپىۋى تە-
پەككۇر ئۇقۇملىرى ئورۇنلاشتى . بۇ ئۇقۇملارنى
چوڭقۇر ۋە سۇزۇك تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانى بول-
مىغانلىقتىن ، دوگماتىك تەپەككۇر ، تۇتۇق ئۇقۇم-
لار تىزىمىسى ۋە ئۇنىڭ رىقابىتى تەن بوتۇلكىسىدى-
كى جان سۈيۈقلۇقىنى شالاقلىتىپ دوغاپلاشتۇر-
دى . نەتىجىدە بىز بىر «تۆت تادو» (تۇر ، سۇ ،
يەل ، ئوت ) ئىچىدىكى ئوت (ئىدېئالىزم ) بىلەن
تۇر (ماتېرىيالىزم ) نى زىتلاشتۇرۇپ مەنپەئەت
گۇرۇھلىرىنى ھاسىل قىلۋۇق . ھەتتا بىزدىكى
«ئەقىللىق» كىشىلەرنىڭمۇ تەسەۋۋۇف دېگەن ئۇ-
قۇمدىن چۆچۈشلىرىنىڭ ئۆزىمۇ دەل تەسەۋۋۇر
ئىقتىدارى جەھەتتىن چېكىنىپ كەتكەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ . شۇڭا ، بىزدە تەتقىق ۋە تەرغىب ئىم-
كانى بولغان كوممۇنىزم ، سوتسىيالىزم ۋە پرولې-
تارىيات ، بۇرژۇئازىيە ، دېموكراتىيە ، دىكتورا دې-
گەن ئۇقۇملارنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان كى-
شىلەر بەكمۇ ئاز .

× × × ×

ھازىرقى دۇنيا ئىنسانىيەتنىڭ «جەننەت» تەك
كەلگۈسى ئۈچۈن ئېخى تولىمۇ ئىپتىدائىي دەۋردە .

ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتتە ۋە جەمئىيەتتە مەۋجۇتلۇ-
قى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن قىلىدىغان ئىشلىرى بەك-
مۇ ئېغىر . بۇ بىلىش (نەزەرىيە) جەھەتتە تەسەۋ-
ۋۇر ۋە ھەقىقەت دېگەن تېمىغا سەۋەب بولغان .
شۇڭا ، بۇ تېما يەنىلا ئۆز ئىچىدە ھەقىقەت ۋە
ئادالەت (شەرىئەت) ، ھەقىقەت ۋە سائادەت (تەرى-
قەت) ، ھەقىقەت ۋە پاراسەت (پەزىلەت) ، ھەقى-
قەت ۋە قانائەت (ۋەزىيەت) كاتېگورىيىسىدىكى
سېلىشتۇرما تەتقىقنى تەلەپ قىلىدۇ .

1) مەلۇمكى ھازىرقى ئادالەت (شەرىئەت)
چۈشەنچىسى ھەرقايسى دۆلەت ۋە ئۆلكە قانۇن ئەخ-
لاقىي مەسىلىلىرى بولۇپ سىياسىي مەنپەئەت خا-
راكتېرىگە ئىگە . ۋەھالەنكى ھەقىقەت — ئومۇ-
مىي ئىنسانى ئادالەتنى شەرت قىلىدۇ . يەنى دۇنيادا
ئىستېمال ۋە ئىختىرا تەڭلىمىسى $\frac{4}{4}$ نەقلىدىكى
تۈزۈم ئومۇملاشقاندا ئاندىن ئادالەت توغرىسىدىكى
مەنپەئەت جېدەللىرى بولمايدۇ .

2) ھازىرقى سائادەت (تەرىقەت) چۈشەنچە-
سىمۇ ئىقتىسادىي ، ھېسسىياتى مەنپەئەت رىقابەتلە-
رىنى كۆرسىتىدۇ . بۇنداق رىقابەتلەرنى ھەل قى-
لىش مەجبۇرلۇقى ئېكولوگىيە جەھەتتە بارغانسې-
رى گەۋدىلەنمەكتە . يەنى مەلۇم مەنىدە تەڭرى
جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنى تەبىئەتكە خىزمەت قىلى-
دىغان قۇل (بەندە) قىلىدۇ . يەنى سانائەت ۋە
تېخنىكىنىڭ يۈكسەك ئۇتۇقلىرىنى تەبىئەتنى تۈ-
زۈشكە مەجبۇرلايدۇ .

3) ھازىرقى پاراسەت (پەزىلەت) چۈشەنچە-
لىرىمۇ سىنىپىي ھېسسىي مەنپەئەتنى ئىپادە قىلى-
دۇ . ھەتتا كىشىلەر ئۆزگىنىڭ رىزقى ھەققىنى
مىكىر بىلەن ئېلىۋېلىپ ئاندىن تەسەللىي تاپقۇچى
كىبىرنى پاراسەت (پەزىلەت) دەيدۇ . ۋەھالەنكى
يۇقىرىقى ئادالەت (شەرىئەت) ، سائادات (تەرى-
قەت) $\frac{4}{4}$ كەسىر بولۇش ئېھتىياجىدىن كىشى پارا-
سىتىنى $\frac{4}{4}$ قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ . مەسىلەن ،
قەھرى كۈچىنى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە ، روھىي
كۈچىنى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشكە تەقسىملەش ھە-
قىقەتكە توغرا كېلىدۇ .

4) ھازىرقى قانائەت (ۋەزىيەت) چۈشەنچىلە-
رىمۇ سىنىپىي ، ھېسسىي مەنپەئەتنى ئىپادە قىلى-
دۇ . بىرەر كىشى ۋە قەۋم ئۆزگىنىڭ ئىقتىسادىي ،
ھېسسىياتى ماتېرىياللىرىنى ئېلىۋېلىپ قانائەت ھا-
سىل قىلىپ ، ۋەزىيىتىم بەك ياخشى بولدى دېسە ،
ئەمەلدە بولسا ئەندىش تەشۋىش ئەسلى ۋەزىيىتە-
دۇر . ھەقىقەت تەلىپى بىلەن بىر كىشىدە كۆمۈتە-
نى تۇتقىدەك ھوش ، يولۋاسنى ئۇرغىدەك كۈچ
بولسا ئاندىن قېرىنداشلىرىدىن زەخمەت يەتمىسە ،
رىزقى مەجبۇرىيەتلىرىنى مەمنۇنىيەتكە ئايلاندۇر-
غان بولسا ، سۇبيېكتىپ ئىچىدە ئەقلى بىلەن سې-
زىملىرى ئامانلىق راۋانلىق ۋەزىيىتىدە بولسا ، ۋە-
زىيىتى قانائەتلەنگەن مەنپەئەت بولىدۇ .

خۇددى ئىنسان جىسمى تۆت خىلىت بىرلىكى
بولغىنىدەك ، تارىختىكى قەبىلىۋى تۈزۈم دەۋرىدىن
ھازىرقى مەملىكەتلەر تۈزۈمىگە قەدەر ھەممىدە
يۇقىرىقى تۆت كاتېگورىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەسەۋ-
ۋۇرىنىڭ ھەرقايسى مىللىي تىللاردا قانداق ناملاردا
ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقى-
نى كۆرسىتىدۇ . ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇچى ئى-
كەن ، قەبىلە ۋە ياكى مەملىكەت ھۆكۈمدارى ۋە
ياكى ھۆكۈمران سىنىپ ئاشۇ تۆت كاتېگورىيىدە
تەسەۋۋۇر قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى مىق-
دار سۈپەت قەبىلە ۋە مەمىكەت خاراكتېرىنىڭ سە-
ۋەبىدۇر . مەسىلەن ، ھازىرقى مەملىكەتلەر كۆپ
پارتىيىلىك ۋە ياكى بىر پارتىيىلىك ئىككى خۇسۇ-
سىيەتتىن ئىبارەت . بۇنى تەسەۋۋۇف مېتودىدىن
تۇرۇپ ئايرىساق ، مەنبەسىدە ئىككى خىل ئىدىيە
ياتىدۇ . بىرى ، تەڭرى ئالەمدىن تاشقىرى سىرلىق
كۈچ دەيدۇ . بۇ نەزەرىيە ئەمەلىيەتتە مەملىكەتتە
قانۇندىن ھالقىپ تۇرىدىغان پادىشاھ ئىرادىسىنى
گەۋدىلەندۈرىدۇ . ھەممە شۇنىڭغا تىۋىنىدۇ . نەتى-
جىدە «لوپا ئەينەك» ۋەزىيىتى شەكىللىنىدۇ . يەنە
بىرى ، تەڭرى ئالەمنىڭ ھەممىسىدە يۇلتۇزلۇقتىن
زەررىچىگە قەدەر ئېنېرگىيە دەيدۇ . بۇ نەزەرىيە
ئەمەلىيەتتە قانۇن توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئاساس
قىلىدۇ . ھەممە قانۇننى ئۆزىگە تەتبىق قىلىدۇ .
نەتىجىدە «تەكشى ئەينەك» ۋەزىيىتى شەكىللىنى-
دۇ .

نەزەرىيىدىكى دېموكراتىزم ، سوتسىيالىزم ۋە
كوممۇنىزم «تەكشى ئەينەك» تەسەۋۋۇرىدۇر .

«تەكشى ئەينەك» دە : تاغلار تۈزلىنىدۇ ، ئې-
دىر يايلاقلارغا ئايلىنىدۇ . دېڭىز دولقۇنلىرى تىنى-
جىيدۇ ، يېنىك چايقىلىشلار بولۇپ چىمىر پارلاش-
لىرىغا ئايلىنىدۇ . يەر شارىدىكى بۇنداق ماكانلار
دائىم كۆچكەن تاغلار ۋە دولقۇنلار تەسىرىدىن يېڭى
تاغ ۋە دولقۇنلارنى ھاسىل قىلغان . ئەمما ئادالەت
ۋە سائادەت ، پاراسەت ، قانائەت قانۇنىنىڭ ئومۇ-
لىشىش ئېھتىياجى تەدرىجىي ھالدا «تەكشى ئەي-

www.uyghurkitap.com



نەك» تەسەۋۋۇرنى خۇددى ئالەملىك بوشلۇق يۇلتۇزلۇقلاردىن ئەبەدىي بولغىنىدەك ئاخىرقى غەلىبىگە مۇيەسسەر قىلىدۇ.

«تەكشى ئەينەك» دە $\sqrt{\frac{7-3=4}{1+3=4}}$

$\sqrt{\frac{5-1=4}{3+1=4}}$ $\sqrt{\frac{6-2=4}{2+2=4}}$ نى تەسەۋۋۇر قىلىش تولىمۇ ئاسان ۋە ئەينەكتىكى ئىمىر ـ چىمىر شۇ ئىللار ئىچىدە ئاسان خىرەلىشىپ كەتمەيدۇ.

× × × ×

ھەقىقەت بىلەن تەسەۋۋۇر مۇناسىۋىتىدىكى يەنە بىر تەرەپ ھەقىقەتنىڭ مۇتلەقلىقى تەسەۋۋۇرنىڭ نىسپىيلىكى مەسىلىسىدۇر. بۇ چۈشەنچىدە ھەقىقەت ئوبيېكتىپ خاراكتېرگە تەسەۋۋۇر سۇبيېكتىپ خاراكتېرگە ئىگە. ۋەياكى تەسەۋۋۇفتەكى شەرىئەت (ئادالەت)، تەرىقەت (سائادەت)، پەزىلەت (پاراسەت)، ۋەزىيەت (قانائەت) ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى مەسىلىسى بولۇپ، ئوبيېكتىپ ھەقىقەت تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە مەنسۇپ.

بۇنى چۈشىنىشتە، ئومۇمىي قانۇنىيەت تەبىرىدىكى بەش قەۋەتنى (① ئالەملىك بوشلۇق ② ئالەملىك ماتېرىيال ۋە ئېنېرگىيە (تۆت تادۇنىڭ ئايلىنىش قانۇنى ③ سەۋەب ـ يەكۈن قانۇنى ④ ئېتىراپنى ئېتىراپ قانۇنى ⑤ مىقدار سۈپەت قانۇنى) ئېلىپ، ئاخىرى مىقدار سۈپەت چۈشەنچىسىگە كەلگەندە ماتېماتىك تەپەككۇر ئېچىلىدۇ. مانا شۇ دەرىجىدە تۆۋەندىكى ئىككى مىسالنى كۆرىمىز. ① ئوقۇتقۇچى ماتېماتىك تەڭلىمىدىن سوئال چىقىرىپ ئىمتىھان تېمىسى قىلغاندا، ئۇ نامەلۇم تەڭلىمىنى بىلىدۇ. لېكىن ئوقۇغۇچىغا مەلۇم تەڭسىز فورما تەرىقىسىدە بېرىدۇ. بۇ ھەقىقەتنىڭ ئەۋۋەل ۋە ئەبەت مۇتلەقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ② ئالەملىك بوشلۇقتىكى مەلۇم يۇلتۇزلۇق ۋە ياكى زەررە ھامان مۇئەييەن مىقدار سۈپەت. شۇ سۈپەتنى تەشكىل قىلغان مىقدارى تەڭلىمە گەرچە يەكۈن بولمىسۇ، شۇ سۈپەت ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، قۇياش ھىدروگېن ئېلېكترون مىقدارىنىڭ مۇئەييەن مىقدارىدىكى تەڭلىمە بىرلىكى سۈپەت دېسەك، يەنە بىر باشقا بوشلۇقتا ھىدروگېن ئېلېكترونلىرىنىڭ شۇنچىلىك مىقدار تەڭلىمىسىدىن قۇياش (سۈپەت) ھاسىل بولىدۇ.

شۇڭا، ھەقىقەت ـــ جاھالەتسىز ئادالەت، ھەقىقەت ـــ مالامەتسىز سائادەت، ھەقىقەت ـــ قاساۋەتسىز پاراسەت، ھەقىقەت ـــ جاراھەتسىز قانائەت. بۇنىڭ يەكۈنى ـــ ھەقىقەت قانائەتلەنگەن مەنپەئەت دېمەكتۇر. يۇقىرىقىلاردا كىشى دىققەت قىلىدىغان ئەكس تاناسىپ مۇناسىۋەتتە، بولمىسىلىقتا ئېگىشلىك تەرەپكە كەلگەندە، جاھالەت، مالامەت، قاساۋەت، جاراھەت ھادىسىلىرىگە نەگە كېتىدۇ؟ دەپ سوئال قويىدۇ. بۇنى قىممەت قانۇنى مىسالىدىن كۆرەيلى.

بىر ھەيكەلتىراش بىر تاغا لايدىن بىر ھەيكەل ياسىماقچى. لاي پارچىلىرىنىڭ ئىشلىتىش زامانى ماكانى پەرقى قىممەت ۋە قىممەتسىز تۇيۇلىدۇ. بىر پارچە لاي باش ئۈچۈن قولغا ئېلىنغاندا «ئۆزىنى قىممەتلىك» دەپ پەخىرلىنىدۇ. قالغىنى قىممەتسىز ئوخشايمىز دەپ ھەسەت قىلىدۇ. لاي پارچىلىرى تەدرىجىي قولغا ئېلىنغانسېرى قالغانلىرى مەيۈسلىنىدۇ. پۈتۈن لاي تولۇق سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن ھەممىسى ئۆز قىممىتىنى كۆرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك پىرمانىيەتتىن ئىنسانىيەتكە ئۆزگىرىش تارىخىدىكى بىلىش ھادىسىلىرىنىڭ ماھىيىتى ئەنە شۇنداقتۇر.

× × × ×

تەسەۋۋۇ ـــ تەسەۋۋۇر مەنتىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ جارى بولۇش مەنبەيى ۋە مەيدانى دەسلەپ سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ئىدى. بەدىئىي ئەسەرلەر ئىچىدىكى تەسىرلىكلىرى. قەبىلىۋى دۆلەت ھاسىل بولىدىغان قەبىلىۋى دەۋردە قەبىلە باشلىقى تەرىپىدىن دەستۇر قىلىنغان كېيىن بۇ ئىش تەرەققىي قىلغان. مەشھۇر دىنىي ئەسەرلەر بولۇپمۇ مۇقەددەس كىتابلار سەنئەت قىممىتىدىن سىياسىي ھوقۇق قىممىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئەسەرلەردۇر. شۇڭا بىرەر قەبىلە ۋە ياكى مەملىكەت سۈپىتى ئەسلىدە ھۆكۈمران ۋە ھۆكۈمران سىنىپ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى دەرىجىسىگە باغلىق ئابىت (ئەدەبىي خىزمەتچى)، شائىر (شېئىرىيەتچى) نىڭ بەدىئىي تەسەۋۋۇر دەرىجىسىمۇ ئۇنىڭ قىممىتىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۆزىمىزدىن بىر مىسال ئالايلى.

بىز ئۇيغۇرلار زۇنۇن قادىرنى ئۇلۇغ يازغۇچى دەيمىز. ئۇنىڭ «ماغدۇر كەتكەندە» «مەتنىياز»، «غۇنچەم» قاتارلىق ئەسەرلىرى 49 يىلدىن ئىلگىرىكى ئىلى يېزىلىرىدىكى مېھنەتكەش خەلق ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئاشۇ ئۈچ ئەسەرنى تەسەۋۋۇف مىكروسكوپىغا سېلىپ كۆرسەك، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىدىكى چەكلىمە ئايان بولىدۇ. مەسىلەن، تەسەۋۋۇرى «كۈچلۈك ۋە سۈزۈك» ھۆكۈمران كىشى: «ماغدۇر كەتكەندە» نى كۆرۈپ خەلقنى باشقۇرۇشتا ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈپ يېرىم جان قىلىپ قويساق ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدىكەندە!» دەيدۇ. «مەتنىياز» نى كۆرگەندە، خەلقنىڭ ئەس ـ يادىنى ئۆتمۈشتىكى قۇللۇقنىڭ چىرايلىق ھېكا-

يەتلىرىگە بەندىلەپ قويساق ، قۇرۇق خىيال بىلەن
يۈتلىپ يۈرگىلى بولمىدىكەندە !» دەيدۇ . «غۇن-
چەم» نى كۆرۈپ : «ئۇۋىسىدىن چىقىرىپ ئۇرۇش
ئۇچۇن نازۇك جايىغا قىلتاق سېلىش كېرەك ئى-
كەندە !» دەيدۇ . نەتىجىدە زۇنۇن قادىرى مۇددىئا-
سىدىن تاشقىرى ھۆكۈمران سىنىپ ئۈچۈن خىز-
مەت قىلغۇچى بولغان بولىدۇ . ئەگەر ئۇ كىشىتا-
رىختىكى زۇلۇمغا قارشى ھالدا ھاياتلىق سىرلىرى-
نى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان تاھىرلارنىڭ تەسۋۇۋۇف
ئەسەرلىرىنى ، بولۇپمۇ دەرۋىشلىك سىرىنى چوڭ-
قۇر تەتقىق قىلغان بولسا ، يۇقىرىقى ئۈچ مەزمۇن-
نى ھۆكۈمران سىنىپ پايدىلىنىپ كېتەلمەيدىغان
دەرىجىدە تۈزگەن بولاتتى . بۇنداق تۈزۈش ئىمكانى
45 ـ يىلدىن 50 ـ يىلىغىچە دەۋردە مەۋجۇت ئىدى
ۋە بۇرۇنقى «تاھىر» ئەسەرلىرىدە ئىلھام بار ئى-
دى . مەسىلەن ، ئەخمەت يەسسۋى : «زالىم ئەگەر
جەفا قىلسا ئەللاھ دىگىل . ئىلىك ئاچىپ دۇئا
قىلىپ بويۇن سۇنغىل» دەيدۇ . (بۇنى ۋ . زاھى-
دوف ئەكسىيەتچىل ئىدىيە» دەيدۇ . ) بۇنى نۇر-
غۇن كىشىلەر چۈشەنمەيدۇ . نەۋاي «مەنتىقۇتتە-
يىر» دىكى شەيىخ ئەخمەت جامى ھېكايىتىدە : شە-
يىخ ئەخمەت يەر يۈزىدىكى مىليونلىغان ئازاب چې-
كىۋاتقان بەندىلىرىنى كۆرۈپ ھىممىتى مەۋج ئۇ-
رۇپ تەڭرىگە خىتاپ قىلىپ : ئى .تەڭرىم ، سىنىڭ
كۆڭلۈڭ بەندىلىرىڭنى ئازابلاشتىن خۇشال بولىدى-
غان بولسا ، ئەشۇ ئازابلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭىلا
جەملەپ بەندىلىرىڭنى ئازابتىن ئازاد قىلغىن ۋە
ماڭا بارلىق دەۋزەقلىرىڭنى بەندىلىگىن ، دەيدۇ .
بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئاشۇ سۆزلۈك تەسەۋۋۇرلۇق «تا-
ھىرلار» ئەكس تاناسىپنىڭ ئايلىنىش قانۇنىنى
بىلگەن ۋە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئازادلىق سىرلى-
رىنى شەرھلىگەن . ئاشۇنداق ھېكايىتلەرنىڭ بىرى-
دە بىر دەرۋىش ھەزرىتى ئىسكەندەرنى تەمتىرىتىپ
قويغانلىقى يېزىلغان .

دىمەكچىمەنكى ، ئابىت ۋە شائىر ئوبيېكتىپ
ھەقىقەتنى قانچە سۆزلۈك تەسەۋۋۇر قىلالىسا ، ئۇ-
نىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى شۇنچە يارقىن جەزبىلىك
بولىدۇ .

مەسىلەن ، تەسەۋۋۇفتىن ئىبارەت بەدىئىي تە-
سەۋۋۇر مەنتىقى ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئىنتىلىش
كۈچىنىڭ ھەر خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ،
جۈملىدىن شەرىئەت (ئادالەت) ، تەرىقەت (سائا-
دەت) ، پەزىلەت (پاراسەت) ، ۋەزىيەت (قانائەت)
چۈشەنچىلىرىدىن غالىب كېلىش سىرىنى تۆۋەندى-
كى تىپىك تەمسىل ئارقىلىق كۆرسەتكىلى بولى-
دۇ . بىر خىل كىشى دائىم يولۋاس گۆشى يەيدۇ ،
باشقا نەرسە يېمەيدۇ ؛ يەنە بىر خىل كىشى دائىم
كالا گۆشى يەيدۇ . باشقا نەرسە يېمەيدۇ ؛ يەنە بىر
خىل كىشى دائىم بۇغداي يەيدۇ . باشقا نەرسە يې-
مەيدۇ ؛ دېسەك ، ئۈچ خىل فىزىئولوگىيىلىك
پەرق چىقىدۇ . بۇغداي يېگىنى كالىدىن قورقىدۇ .
كالا يېگىنى يولۋاستىن قورقىدۇ . ئەمما بۇغداي
يېگىنى كالا يەيدىغاننى كۆرۈپ كالا يەيدىغىنىنى
يولۋاس يەيدىغاننى كۆرۈپ ، قورقماسلىق سىرى
ئۈچۈن ھەۋەس قىلىدۇ . بۇنداق ئىستېمال ھەۋەس-
لىرى ئىختىراۋى مەجبۇرىيەتلەرنى دەلىل قىلىش-
مۇ ، تەدرىجىي شۇ مەجبۇرىيەتلەرنى ھەل قىلىش
ئۈچۈن ھەۋەس قىلىدۇ . خۇددى شۇنىڭدەك يەر
يۈزىدىكى ئىرقىي ، مىللىي مەدەنىيەت پەرقلىرىدى-
كى خەلقلەرمۇ تەبىئەتنى چىرايلىق تۈزگەن خەلق-
تىن ئۆگىنىش يولىغا ماڭىدۇ .

تەسەۋۋۇف ئەركىنلىكى كىشىلەرنىڭ ئىلگى-
رىكى مۇقەددەس كۆرۈنگەن ھۆكۈملىرىگىمۇ تەب-
تىش يۈرگۈزىدىغان قىلىدۇ . مەسىلەن ، خرىستى-
ئانلىق ۋە ئىسلامىيەت «گۇناھى ئەزەل» دېگەن
تېمىدا ئاللا «ئادەمگە بۇ مېۋىنى يېمە دېسە يىلان
گېپىگە كىرىپ چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ خاتالاش-
قان» دېگەن مەنبەۋى چۈشەنچىگە چوقۇنىدۇ . بۇ
چۈشەنچىنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق تەسەۋۋۇف
بويىچە تەكشۈرگەندە ، گويا ئاتا ـ بالىغا خىتاب
قىلغاندەك ۋە ياكى باشلىق پۇقراغا خىتاب قىلغان-
دەك مېتودى مەۋقە كۆرۈنۈپ قالىدۇ ـ دە ، رىتو-
رىك سوئال قويۇپ ، ئادەمنى لايدىن ياراتقان ئاللا ،
مېۋىنى يېگۈزمەسلىككە ۋە خاتالاشتۇرماسلىققىمۇ
قادىر ئىدىغۇ؟ دەيدۇ . ئۆتمۈش مەنتىقىنى تۈزى-
تىپ : ئاللانىڭ يارىتىش زامانى ماكان بولغان 40
كۈن تۆت مىليارد يىلدۇر دەپ بىرىنچى كۈنى يا-
ساپ بولغاندىن كېيىن ، ياسىغان ئادەمنى تاۋلاش
ئۈچۈن ئىككىنچى كۈنى ئوتچۆپ (مېۋىنى) يېگۈ-
زۈپ سەسكەندۈردى ؛ ئۈچىنچى كۈنى ئوتخور ھاي-
ۋاننى يېگۈزۈپ سەسكەندۈردى ؛ تۆتىنچى كۈنى
گۆشخورنى يېمەك ھەۋەسلىرىدە تاۋلاۋاتىدۇ ، دەپ
تۈزىدۇ . بۇ تۈزىتىش ئارقىلىق نەچچە مىڭ يىللىق
تارىخنى تاۋلىنىش جەريانى دەپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە
ئىنسانلارنى سۇبيېكتىپ خاتالىق بولغان «گۇناھى
ئەزەل» » زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىدۇ . دەقىقىدە بو-
لىدىغان بۇنداق تەپەككۇردىكى ئازادلىق دەرھال
نۇرغۇن ئەنئەنىۋى چوقۇنۇشنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ .
ئەپسۇسكى ، تەپەككۇردىكى بۇنداق يېڭىلىق ئەنئە-
نىۋى چۈشەنچە تەرغىباتى بىلەن تىرىكچىلىك قىلى-
دىغان مۇناخ ۋە ئىماملار غۇرۇرى ۋە ھوقۇقىغا
دەخلى يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن غەزەپ بىلەن يوقات-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ھاقچى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ئەقىللىق بولسا، تۈزىتىلگەن خاتانى تەرغىپ قىلىپ تېرىكچىلىك قىلىش تامامەن مۇمكىن بولىدۇ. ھەربىر ئۇقۇمدىكى مىقدارى سۈپەتلىك يېڭىلىنىش بىردىن ھۈجەيرە كۆپىيىشنى بەدەل قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىر خىل بىلىش تىندۇرمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى جىسىملارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش جەريانى بولىدۇ. شۇڭا تارىخ «تۆگە كارۋىنىدەك» ماڭغۇچىدۇر. بۇ «تۆگە كارۋىنى» نى تەسەۋۋۇر قىلساق، تۆگە — «چۆل كېمىسى» گە ئۆزگىرىدۇ. بۇ يەنە «نوھ كېمىسى» گە ئۆزگىرىدۇ. ئاندىن نوھنىڭ ئۈچ ئوغلى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇر چىقىدۇ. بۇ ئۈچ ئوغۇل ياۋروپا ( $\frac{5}{3}$ )، ئاسىيا ( $\frac{6}{2}$ )، ئافرىقا ( $\frac{7}{1}$ ) كەسىرى پەرقلىرىدە سام، ياپ، ھام بولىدۇ. نەتىجىدە پۈتكۈل يەر شارى بىر كېمە تەرىقىسىدە قۇياشنىڭ يورۇق دولقۇنى بىلەن قۇبادىنىڭ سوغۇق دولقۇنى ئارىلىشىپ چىمىرلاپ تۇرغان دېڭىزدا كۆرۈنىدۇ. ئاندىن يېڭى تەسەۋۋۇر: تېخى بۇ كېمە «توپان سۈيى» دىن ئارارات تېغىغا چىقماپتۇ. خۇددى ئادەم لايدىن ياسىلىپ پۈتمىگەندەك بوپتۇ دېگەن يېڭى تەسەۋۋۇر دەۋرىگە سەۋەب كېلىپ چىقىدۇ.

---

ـ بېشى 11 ـ بەتتە

1865 ـ يىللىرى ئىككى نۆۋەت باش خانلىققا سايلانغان لىنكولىننىڭ دۆلەت مەجلىسىدە تۇنجى قېتىم سۆزلىگەن سۆزىدىن بىر ئابزاس تەقدىم قىلىمىز.

ئۇ باش خانلىققا (زۇڭتۇڭلۇققا) سايلانغاندا، باي ـ تۆرەملەر بىر موزدوزنىڭ بالىسىنىڭ تەختكە چىققان سەلتەنىتىگە چىدىمىدى. ئۇ دۆلەت مەجلىسىدە تۇنجى قېتىم نۇتۇق بايان قىلغاندا بىر بايۋەچچە: «ئەپەندىم، نۇتۇق سۆزلەشتىن بۇرۇن ئۆزىڭىزنىڭ بىر موزدوزنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭ» دەپ كۈلكە قىلدى. سورۇندىكى تۆرەم، خېنىملار لىنكولىننى ئىزا تارتقۇزۇش ئۈچۈن پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. لېكىن، لىنكولىن موزدوز دادىسىنىڭ شۇ كەسىپ شەرىپىدە ئۇلۇغ ھۈنەرۋەن بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

«ئى جاناب، مەن سىزنىڭ دادامنى ئېسىمگە سالغىنىڭىزدىن مىننەتدارمەن، ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى، مەن بىزنىڭ سەمىمى نەسىھىتىڭىزنى جەزمەن ئۇنتۇمايمەن. چۈنكى مەن خانلىقنى دادام موزدۇزلۇق قىلغاندەك كېلىشتۈرۈپ قىلىشقا قادىر ئەمەسمەن.» بۇ سۆز بىلەن پۈتۈن مەجلىسخانىدا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. لىنكولىن ئۇ بايۋەچچىگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى: «مەن بىلەمەن، دادام بۇرۇن ئائىلىڭىزدىكىلەرگە كەش تىكىپ بېرەتتى، ئەگەر ئۇ كەشلەر ياراشمىغان ياكى پۇتىڭىزنى قاپارتىپ قويغان بولسا، بۇنىڭغا مەن جاۋابكار. مەن ئۇلۇغ موزدوزلاردىن بولمىسامۇ، كىچىكىمدىن تارتىپ دادامدىن موزدوزلۇق ھۈنىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن، ئۇ كەشلەرنى مەن تۈزەشتۈرۈپ بېرەلەيمەن. دۆلەت مەجلىسىدىكى ھەرقانداق بىر ئادەمگە مەن مۇشۇ ۋەدىنى بېرەمەن. كىمدە كىمنىڭ كەشىنى دادام تىككەن بولۇپ، تۈزەشتۈرۈش زۆرۈر بولسا، مەن جەزمەن ئۇنىڭغا خىزمەتتە بولىمەن. ئەمما، بىر ئىش ناھايىتى ئېنىق بولسىمۇ، مېنىڭ ئۇنىڭدەك ئۇلۇغ بولۇشۇم مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ ھۈنىرىگە يېتىشەلىدىغان يەنە بىر ئادەم بۇ دۇنياغا تېخى كەلمەدى.» بۇ چاغدا لىنكولىننىڭ كۆز ياشلىرى ئۇلۇغ دادىسىغا بولغان ئەسلىمە — مۇھەببىتى بىلەن مونچاق بولۇپ ئاقماقتا ئىدى.

دېمەك، ئۇلۇغلۇق سىزنىڭ نېمە ئىش قىلىشىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز. سىز مەيلى نەچچىنچى قاتاردا تۇرىدىغان خان بولۇڭ ياكى بىرىنچى قاتاردا تۇرىدىغان موزدوز بولۇڭ، سىزنى قانائەت قىلدۇرىدىغىنى دەل سىز ھۇزۇرلىنىپ قىلىۋاتقان ئىش، ئەقلىڭىزنىڭ شۇ ئىشقا تىكىلىشى، سىز بارلىق كۈچلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا بېغىشلاپ ئاتا قىلىۋېتىڭ. باشقا ھەرقانداق ئادەمگە ئوخشاش ئۈچۈن شاخ سانغۇچ بولماڭ، پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىڭىز بولماقچى بولغان نىشاندىكى ئادەمگە ئايلىنىڭ، بۇ چاغدا شۇ غايىڭىز بىلەن مۇكەممەل بىر ئادەم دەرىجىسىگە يېتىپ بارىسىزكى، خانلىق ياكى بايلىقنى ئۇنىڭغا تېگىشكىڭىز كەلمەيدۇ. بۇ ئەسىردە سىزدىكى ھەقىقىي بايلىق ۋە ھوقۇق دېگەن ئەنە شۇ. ھۆكۈمكى، بۇ ئەسىردە پەزىلەت كامالىتىگە قاراپ كېتىۋاتقان بىر پەقىر ئەقلىي ھوشنى ئۆز نىشانىدىكى ئىشقا يىغىپ مەرتىۋىلىك بولۇپ كەتسە، مەرتىۋىلىك بىر تۆرەم پەزىلەت بوستانىدىن قايتىپ چىقىپ كۆڭلىنى ھەر يەرگە چاچقانلىقى سەۋەبلىك پەقىرلىق پەگاسىغا چۈشۈپ قالىدۇ. چۈنكى، بۇ پاراسەت ئەسىرىدۇر.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇرېھىمجان قادىر

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىكلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى

ئابدۇللا سۇلايمان

ئۇيغۇرلار ـ دۇنيادىكى قەدىمىي مىللەتلەرگە ئوخشاش ئۆزلىرىگە ئەڭ بۇرۇن ئىسىم قوللانغان. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ھەربىر دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدىغان يېڭى ئىسىملارنى قوللىنىپ كەلدى. مۇئەييەن تارىخىي دەۋرلەردە قوللانغان بۇ ئىسىملار، يەنە بىر يېڭى تارىخىي دەۋرگە كەلگەندە، خەلقىنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىگە ماس كەلمىگەنلىكتىن، ئۇنى ئۆزلۈكسىز تولۇقلاپ، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بارغانسېرى يېڭىلاشقا توغرا كەلدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىكلىرىدىن بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر مەدەنىيەت خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن بارغانسېرى يېڭىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ.

## 1 ـ بۇددىزم دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە قوللانغان ئىسىملىكلىرى

بۇددا دىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردە قەدىمكى ھىندىستاندا پەيدا بولۇپ، مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تارىم ۋادىسىغا، كېيىن شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالدى. بۇددا دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ـ ماھىيەتتە بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەسىرىنى شۇ جايلاردا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا ئېلىپ كىردى. بۇددىزم ئىدېئولوگىيىسى ـ ئەينى ۋاقىتتا، سىياسەت، قانۇن، پەن ـ مەدەنىيەت ساھەلىرىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، كۆپ خىللىقتا ۋە ئۈستۈن جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە بۇددا مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىسىملىرىنى شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن پەيدىن ـ پەي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ئىسلاھات جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە مىللىي مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

خەلقىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا ئەجدادلىرىمىزنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە قويۇق فانتازىيىلىك تۈس ئالغان بىر بۆلۈك ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس قىلىپ قالدۇرغان ئىدى. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگىنى ھايۋانلار (بۆرە) نى ئۇلۇغلايدىغان توتېم ئەقىدىسى بولۇپ، ھايۋانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى قاتارىدا ھېسابلاپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ۋە ئۇنى «مۇقەددەس مۆجىزە» دەپ قارىغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار توتېم ئەقىدىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز ئەۋلادلىرىغا بۆرە، قاپلان، ئارسلان، يولۋاس، ئېيىق، قوشقار، قابان . . . دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشنى ئادەت قىلىپ كەلگەن. مەشھۇر ئېپوس «ئوغۇزنامە» دىمۇ ئوغۇزخاننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىگىرىگە يول باشلاپ ماڭغان كۆك يايلىق ئەركەك بۆرە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان. ئۇنىڭدا، ئوغۇزخاننىڭ ئۆز ئوغۇللىرىغا «كۈن»، «ئاي»، «يۇلتۇز»، «كۆك»، «تاغ»، «دېڭىز» دەپ ئىسىم قويغانلىقى، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئىپتىدائىي توتېم ئېتىقادىنى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى قاراشلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كېيىنچە تۈرك ۋە ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ ئۆز تۇغلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن «بۆرە بېشى» سۈرىتىنى چۈشۈرگەنلىكى ۋە ئوردا خىزمەتچىلىرىنى «بۆرە» دەپ ئاتىغانلىقىمۇ، بۇ ئەپسانىلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ئۇيغۇرلار ھاياتىدا زور تەسىرى كۈچ پەيدا قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مىلادىيە 850 ـ يىلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم مەزمۇنى ئاساس قىلىنغان ماددىي مەدەنىيىتى، يېزىق مەدەنىيىتى، تىل تەرەققىياتى، مىللىي ئەدەبىيا-

www.uyghurkitap.com



تى ، بەدىئىي سەنئىتى قاتارلىقلار زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى . بولۇپمۇ بۇ دەۋرىدە ، ئەدەبىيات كۆرۈنەرلىك هالدا تەرەققىي قىلىپ نۇرغۇنلىغان ۋەكىللىك خاراكتېر ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر ، تەرجىمە ئەسەرلەر ، نەقىش ۋە سىزما سۈرەتلەر مەيدانغا كەلدى . بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىسىملىكلىرىدىمۇ خېلى زور ئىسلاهات خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى . بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ، بۇددىزىم ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن «ئىككى تېكىننىڭ رىۋايىتى» ، «چاشتانى ئېلىگ بەگ» ، «ئالتۇن يارۇغ» ، «شۆەنزاڭ تەزكىرىسى» ، «مايىترى سىمىت» قاتارلىق ئەدەبىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلەر ئەنە شۇ دەۋرلەردە مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ نەمۇنىسىدۇر . بۇ ئەسەرلەردە بۇددىزىم ئىدىيىسىگە خاس بولغان مەشهۇر شەخسلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلىپ ، ئۇيغۇر ئىسىملىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مەلۇم تارىخىي شارائىت هازىرلانغان .

«بۆكە خان هەققىدىكى رىۋايەت» تە ، مىلادىيە 747 - يىللىرى قۇرۇلغان قەدىمكى ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خاقانى مويۇنچۇر (قاراخاقان ) نىڭ كەنجى ئوغلى بۆكەخاننىڭ تۇغۇلۇشى ، تەختكە چىقىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيەتلىرى گۈزەل ئۇسلۇب بىلەن تەسۋىرلەنگەن . بۇ رىۋايەتتە ، شۇڭقار تېكىن ، قۇتچۇر تېكىن ، بۇقا تېكىن ، ئۆر تېكىن ، بوكە تېكىن قاتارلىق بەش بىر تۇغقاننىڭ هاياتى ۋە كۆرەش پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان . بۇ ئىسىملارنى ئالدىنقى تۇتىم دەۋرىدىكى ئىسىملارغا سېلىشتۇرغاندا ، تارىخىي دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى شۇ دەۋرلەردە ياشاۋاتقان كىشى ئىسىملىكلىرىنىڭ خېلىلا تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ . ئۇلۇغ ئالىم مەهمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى[1] » دا ، شۇ دەۋرلەردە ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى ياشىغان خېلى زور بىر تۈركۈم ئۇيغۇر كىشىلىرىنىڭ ئىسمى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن . بۇ ئىسىملار - «ئاتىش» ، «ئۇتوش» ، «تۇتوش» ، «ئابى» ، «ئەرۇۋز» ، «ئۆتەمىش» ، «بولۇچ» ، «قولۇچ» ، «ئىدىقۇت[2] » ، «تۇقىش» ، «تەكىش» ، «كومۇش» (ئاياللار ئىسمى ) ، «تۇتوق» ، «چىلخوزا» (ئاياللار ئىسمى ) ، «قابان» ، «قۇتان» ، «بۇغراخان[3]» ، «بەگلەن» ، «قاۋشۇت» ، «بۇدراچ» ، «بەكتۇر» ، «قاتمىش» ، «قۇتلۇق» ، «بادرۇق» ، «بولغاق» ، «قالالدۇرۇق» ، «سوغىش» ، «تۇرۇمتاي» ، «چۇچۇ» ، «بەگبى» ، «چاۋا» ، «ساغۇن» . . . قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ ئىسىملارنىڭ ئاخىرىسىغا ئەرلەرنىڭ ياكى ئاياللارنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى ئالاهىدە ئىزاهلاپ قويۇلغان . «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە «ئافراسىياپ» دېگەن بىر تارىخىي شەخسنىڭ نامى ناهايىتى كۆپ جايدا تىلغا ئېلىنىدۇ . بۇ كىتابتا ۋە باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا تىلغا ئېلىنغان «ئافراسىياپ» تۇران پادىشاهى «ئالىپ ئەرتوڭا» نىڭ دەل ئۆزى بولۇپ هېسابلىنىدۇ . دېمەك : «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ۋە ماددىي تۇرمۇشىغا دائىر خېلى مۇهىم مەلۇماتلار بېرىلگەندىن باشقا ، تۈركىي قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەڭ قوللىنىلىدىغان زور بىر قىسىم كىشى ئىسىملىكلىرىمۇ تونۇشتۇرۇلغان .

ئاپىرىنچۇر تېكىن[4] ، ئاتسىئاك[5] قاتارلىقلارمۇ قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ، سىڭقۇسەلى (تۇتۇڭ ) 10 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلار بولۇپ ، ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ، ئۇيغۇر مانى دىنى ۋە بۇددا دىنىنى ئىخلاس بىلەن مەدهىيىلىگەن ، بۇددا دىنى هۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان دەۋرلەردە ،

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1072 - 1074 - يىللىرى باغداتتا يېزىلغان .

② «ئىدىقۇت» - قوجو ئۇيغۇر خانلىقى قوللانغان نام بولۇپ ئۇ ، «بەخت» دېگەن مەنىدە . «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ، «ئىدىقۇت» دېگەن نام - باسمىل قەبىلىسى رەهبىرىنىڭ نامى ئىكەنلىكى ئېيتىلغان .

③ بۇغراخان - هۆكۈمدارلارغا بېرىلگەن ئۇنۋان . كېرمانىيىلىك پېرتسالك جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلغاندا «بۇغراخان» دېگەن نامنى «كەڭ يۇقىرى هۆكۈمران تەهتىسىنىڭ دەرىجىمۇ - دەرىجە كۆتۈرۈلۈش بىرىنچى» دېگەن . مەسىلەن ، بۇغراخاننىڭ ئاسلانغا كۆتۈرۈلگىنىگە ئوخشاش .

④ ئاتسىئاك - قوجو ئىدىقۇتلۇقى دەۋرىدە ياشىغان شائىر . ئۇنىڭ ئىسمى «بۇددا «ماخايانا» مەزهىپىنىڭ نوملىرىنى تەسۋىرلەپ يازغان شېئىرلىرى بار .

ئاپىرىنچۇر تېكىن - قوجو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان شائىر بولۇپ ، ئۇنىڭ مانى دىنى توغرىسىدا يازغان «مەدهىيە» قاتارلىق شېئىرلىرى بار

⑤ سىڭقۇ سەلى (تۇتۇڭ ) - 10 - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا قوجو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بېشبالىقتا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن داڭلىق تەرجىمان . سىڭقۇسەلى تەرجىماننىڭ ئۆز ئىسمى . «تۇتۇڭ» - ئۇنىڭغا بېرىلگەن راهىبلىق ئۇنۋانى . ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن «ئالتۇن يارۇغ» «شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمىهالى» قاتارلىقلار بار .

ئۇلار بۇددا دىنىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن تەرغىپ قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە زور تۆھپە قوشقان. بۇددا دىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان دەۋرلەردە مېمارلىق، نەققاشچىلىق، ھەيكەلتاراشلىق قاتارلىق دىنىي مەزمۇنغا ئىگە نەپىس ھۈنەر ـ سەنئەت شەكىللىرى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

يۇقىرىقى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى ھەرقايسى دەۋرلەردە، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسى، ئىدېئولوگىيىسى ۋە پەن ـ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان ۋە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ كەلگەن. شۇڭا بۇددىزم دەۋرىدە قوللىنىلغان ئۇ ئىسىملىكلەرنىڭ مەزمۇنى، شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىگە، دىنىي ئېتىقادىغا خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇددىزم ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن بۇ خىلدىكى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرى تاكى ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەنگە قەدەر ساقلىنىپ قالغان. بەزىلىرى (يولۋاس، ئارسلان، يۇلتۇز، قۇتلۇق، قۇزا، باقى، چاۋا، ئالتۇن . . .) ھازىرغىچە قەدەر ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىكلىرىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## 2 ـ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىكلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى

ئىسلام دىنى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كېلىپ قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەرەب زېمىنىدا ئومۇملاشتى. 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن سىرتقا كېڭىيىشكە باشلاپ، ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا تارقالدى. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى 10 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنى ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ، ئىلگىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بۇددىزم ۋە مانىخېزم تارىخقا خاتىمە بەردى. بۇ ھال، ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. سۇتۇق بۇغراخان مىلادىيە 932 ـ يىلى (بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا مىلادىيە 920 ـ يىلى دېيىلگەن) تۇنجى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان 200 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسلام دىنىغا كىردى. سۇتۇق بۇغراخان ئىمان ئېيتىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۆز نامىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخان ئابدۇلكېرىم[1] دەپ ئاتىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ خاقانىيدە ئىسلام دىنى، رەسمىي دۆلەت دىنى دەپ جاكارلاندى.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشى، بۇددىزم ۋە مانىخېزم ئاساسىدىكى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى بۇددىزم ۋە باشقا دىنلارنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئەنئەنىۋى كونا مەدەنىيەت زور ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى. ياكى ئۇ ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ چەكلىمىسى بويىچە ئىسلاھ قىلىندى. نەتىجىدە ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا تۈپتىن قارىمۇقارشى بولغان يېڭى «ئىسلام مەدەنىيىتى» بارلىققا كەلدى. قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇھىم سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان ـ قەشقەر تېخىمۇ گۈللىنىپ ئىسلام ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ دەۋردە، ئەدەبىيات، پەلسەپە، لوگىكا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تېبابەتچىلىك ساھەلىرىدە گۈللەپ ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىت ئاستىدا، ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد فارابى، مەھمۇد قەشقىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش مەشھۇر ئالىملار، شۇنداقلا، 11 ـ ئەسىردىن 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشاپ ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن ئۆلمەس نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ئۇنى ئەدەبىيات خەزىنىمىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن خوجا ئەخمەت يەسەۋى، ئەھمەد يۇكنەكى نەسىرىدىن رابغۇزى قاتار-

[1] ئابدۇلكېرىم ـ ئەرەبچە سۆز بولۇپ «سېخى ئاللانىڭ بەندىسى» دېگەن مەنىدە.

لىق نۇرغۇنلىغان ئاتاقلىق شائىر ۋە يازغۇچىلار مەيدانغا كەلدى . شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشۇ دەۋردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە كۆپلىگەن دىداكتىك يىرىك ئەسەرلەر ، پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىگە مەنسۇپ بولغان قىممەتلىك نادىر كىتابلار ، تارىخنامىلار ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەرمۇ بارلىققا كەلدى . پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىسلام ئەقىدىسى قاپلىدى .

شۇ ئەھۋالدا ئىسلام دىنى ئىسلام جەمئىيىتىدە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ، ئۆرپ ـ ئادەت ، تىل ـ يېزىق ئىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەبچى بولۇپلا قالماستىن ، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگىمۇ سەۋەبچى بولدى . شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھ قىلىنىشىغا بىر مەيدان تارىخىي شارائىت ھازىرلاپ بەردى .

ئەپسۇسكى ـ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ، ئەرەبچە ئىسىملارنىڭ كەڭ ـ كۆلەمدە مەيدانغا كېلىشىگە ۋە ئومۇملىشىشىغا ئاساس ياراتقان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئىسىملار قۇرۇلما جەھەتتىن مۇرەككەپ ھەم ئۇزۇن بولغاچقا ، كىشىلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ئاتاشتا نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغىمۇ سەۋەبچى بولدى . ئەرەبچە ئىسىملاردا ئادەتتە ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ كەينىگە دادىسى ، بوۋىسى ۋە جەمەتىنىڭ ئىسىم فامىلىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ يېزىلىدۇ . بۇ ئىسىملارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئارىسىغا «ئىبنى» ، «بىن» (ئوغۇل ) دېگەن سۆز قوشۇپ يېزىلىدۇ . مەسىلەن ، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد پادىشاھى فايسالنىڭ تولۇق ئىسىم ـ فامىلىسى «فايسال ئىبنى ئابدۇل ھاپىز ئىبنى ئابدۇل راخمان ئىبنى ساۋۇد» دەپ يېزىلىدۇ . ئادەتتە بىز بۇ ئىسىمنى قىسقارتىپ «فايسال» دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىمىز .

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئىسىم فامىلىسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق ، ئۇلارنىڭ ئىسىم فامىلىسىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ ، بېشىدا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى ، ئوتتۇرىسىدا ئاتىسىنىڭ ئىسمى ، ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىنىڭ ئىسمى ئارقا ـ ئارقىدىن قوشۇپ يېزىلىدۇ . بەزى ھاللاردا ئۆزىنىڭ ئىسىم فامىلىسىنىڭ ئاخىرىغا ئۇنىۋانى ياكى تەخەللۇسى قوشۇپ يېزىلىدۇ . مەسىلەن ،

ئەبۇ ناسىر مۇھەممەد فارابى ، ئەھمەت بىننى مەھمۇت يۈكنەكى ، مەھمۇت ئىبنى ھۈسەيىن قەشقەرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، نەسىرىدىن بورھانىدىن ئوغلى رابغوزى ، مەۋلانى ئەبەيدۇللا لۇتفى ، ئابدۇغاپپار بىننى ھۈسەيىن قەشقەرى ، سىراجىدىن ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ ، ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئەلخارەزمى سەككاكى ، موللا بىلال بىن موللا يۈسۈپ ، خوجا ئەخمەت يەسنەۋى . . . قاتارلىقلار . بىز بۇ ئىسىملارنى يېزىقتا تولۇق ئىپادىلىسەكمۇ ئەمما تىل بىلەن ئاتاشتا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ، فامىلىسىنى ياكى تەخەللۇسىنى (يۇرتىنىڭ نامىنى ) ئاتاپ كېلىۋاتىمىز . مەسىلەن ، مەھمۇت قەشقەرى ، ئەھمەت يۈكنەكى ، نەسىرىدىن رابغوزى ، مەۋلانى لۇتفى ، سەككاكى ، موللا بىلال ، ئەخمەت يەسنەۋى . . . قاتارلىقلار . ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھازىر قوللىنىپ كېلىۋاتقان بەزى ئەرەبچە ئىسىملارمۇ قۇرۇلما جەھەتتىن ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە ھەم ئۇزۇن ، ئادەتتە بىر كىشىنىڭ ئىسىم فامىلىسى 3 ـ 4 كىشىنىڭ ئىسمىدىن تەركىب تاپىدىغان ئەھۋاللارمۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ . مەسىلەن ، مەھەممەتروزى مەھەممەتسالى ، مەھەممەت سالى تۇرسۇن ، مەھەممەتئىمىن توختى ، تۇرسۇننىياز مەھەممەتنىياز ، تۇرسۇن مەھەممەت پەخرىدىن ، مەھەممەت تۇرسۇن مەھەممەتروزى ، مەھەممەت قۇربان تۇرسۇن ، دېگەنلەرگە ئوخشاش . بىز يۇقىرىقىدەك ئىسىملارنى يېزىقتا نەينەن ئىپادىلەپ بېرەلىسەكمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرغاندا مەتروزى مەتسالى ، مەتسالى تۇرسۇن ، مەتئىمىن توختى ، تۇرسۇننىياز مەتنىياز ، تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن ، مەتتۇرسۇن مەتروزى ، مەتقۇربان تۇرسۇن دەپ قىسقارتىپ چاقىرىمىز .

## 3 ـ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىكلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى

ئۇيغۇرلار ــ مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى
مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار
ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئۆزلە-
رىنىڭ ئەقىل ــ پاراسىتىگە تايىنىپ، جاپالىق
ئەجىر سىڭدۇرۇش ئارقىلىق مول مەدەنىيەت باي-
لىقلىرىنى يارىتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت خە-
زىنىسىگە قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلار
ئۆز مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات
باسقۇچلىرىدا ئۆزلىرى قوللىنىپ كەلگەن ھەر
خىل يېزىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىم-
مەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد قال-
دۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلار 7 ــ ئەسىردىن بۇرۇنلا
مۇستەقىل تىل ــ يېزىققا ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرى-
نىڭ يازما ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا باشلىدى.
بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر كىلاسسىك يازما ئەدەبىياتى
خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپلا قالماستىن،
بەلكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئارىسىدىكى
تۈرلۈك يەرلىك مەدەنىي پائالىيەتلەرمۇ جانلاندى.
مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىناكارلىق،
ئويمىچىلىق (نەققاشچىلىق). قىرمىچىلىق، تو-
قۇمىچىلىق، قول سانائەت ئىشلىرى تېز راۋاجلى-
نىپ، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە ھەر خىل ھۈنەر ــ
سەنئەت ئەسلىھەلىرى ۋە نەپىس ھۈنەر ــ سەنئەت
مەھسۇلاتلىرى بارلىققا كەلدى. مىللىي مەدەنىيەت-
نىڭ تەرەققىي قىلىشى، خەلقنىڭ يېڭىلىققا ئىنتى-
لىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش،
ئۆرپ ــ ئادەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كونا قائىدە
- يوسۇنلىرىنى پەيدىنپەي بۇزۇپ تاشلاشقا مەجبۇر
قىلدى. مەسىلەن، ئىنسانلار ئىپتىدائىي جەمئى-
يەتتىن ئايرىلىپ تاكى ھازىرغا قەدەر ناھايىتى
كۆپ دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق تەد-
رىجىي تەرەققىياتىغا ئېرىشتى، ھەرقايسى تەرەققى-
يات باسقۇچلىرىدا كۈرمىڭ جاپا ــ مۇشەققەتلەرنى
يېڭىپ نۇرغۇن ئەگرى ــ توقاي يوللارنى بېسىپ
ئۆتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ
سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ بۈگۈنكى گۈزەل ماكانىنى
قۇرۇپ چىقتى. ئەنە شۇ تارىخىي تەرەققىيات جەر-
يانىدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئېرىشكىنى ــ قاد-
داقتۇر «قۇدرەتلىك كۈچ» ئەمەس، بەلكى ئىنساد-
لارغا خاس «ئاڭ» بولدى. شۇڭا، ئۇلار ئىپتىدا-
ئىي تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇپ ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈ-
رۈپ چارۋا بېقىشنى، تېرىقچىلىق قىلىشنى ئۆگەن-
دى. ناھايىتى بۇرۇنلا پاختىدىن يىپ ئېگىرىپ
توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. پىلىدىن يىپەك
چىقىرىپ شايى ــ ئەتلەس توقۇدى. تۆگە يۇڭىدىن
ئەڭ ئېسىل تۆگە يۇڭ چەكمەن ئىشلەپچىقاردى.
ھايۋان تېرىلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئۇنىڭدىن
جۇۋا، تەلپەك، مىشە، قىرىم، كۆن ــ چەم، قوي
يۇڭىدىن كىگىز، گىلەم، پايپاق ئىشلەپچىقىرىپ
ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنى پەيدىنپەي ياخشى-
لىدى. قول سانائەت ۋە ھۈنەر سەنئەتنىڭ تۈرلىرى-
نى تەدرىجىي ھالدا كۆپەيتىپ مەھسۇلات سۈپىتىنى
ياخشىلىدى. ھەتتا يېڭىدىن رەختلەرگە گۈل بې-
سىش، ئۆي، تام ــ تورۇسلارغا نەقىش ئويۇشتەك
مۇرەككەپ ھۈنەر ــ سەنئەت تۈرلىرىنى ئىجاد قى-
لىپ تەدرىجىي ھالدا مۇكەممەللەشتۈردى.

دېمەك، ئىنسانلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆ-
سۈشىگە ئەگىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىمۇ
زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى
مەدەنىيەت تەرەققىياتى شۇ دەۋردىكى خەلقلەرنىڭ
ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى
سۈرۈپ، خەلقنىڭ مىللىي تۇرمۇش ئۆرپ ــ ئادەت-
لىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.
ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇيغۇر خەلقى بۇرۇن
قوللىنىپ كەلگەن ئىسىملىكلەردىمۇ توپتىن ئۆز-
گىرىش بولدى. بىز ھازىر قوللىنىپ كېلىۋاتقان
ئۇيغۇر ئىسىملىكلىرى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي
دەۋرلەردىن بۇيان، ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىپ
ۋە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجى-
سى.

دېمەك، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى، بۇنىڭدىن
نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئىسىملىكلىرىنىڭ
تەرەققىياتىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي،
بەلكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىكلى-
رىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زور تەسىر
كۆرسەتمەكتە.

# دىن قارشىلىشىشىدىكى دۆلەت

## مىسىرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ئۇچرىغان قىيىن مەسىلىلەر

چيەن چىڭدەن

يېقىندا مىسىرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن تونۇشۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدىكى دۆلەت بىلەن دىن توقۇنۇشىنىڭ ناھايىتى گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم، توقۇنۇشنىڭ يۇقىرى پەللىسى سادات زۇڭتۇڭنىڭ قەستكە ئۇچرىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا، سادات زۇڭتۇڭ داغدۇغىلىق ئېلىپ بېرىلۋاتقان ئارمىيىنى كۆزدىن كەچۈرۈش مۇراسىمىدا ئىسلام رادىكاللىرى تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. دۆلەت بىلەن دىن توقۇنۇشى مىسىرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى قىيىنچىلىقلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ماقالىدا مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە تەھلىل ئېلىپ بېرىلدى.

### 1. جەدىتچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى

مىسىرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىككى تۈز لىنىيەنى بويلاپ ئىلگىرلەۋاتقان بولۇپ، بىرسى ئاشكارا لىنىيە، يەنە بىرسى يوشۇرۇن لىنىيە. ئاشكارا لىنىيە جەدىتچىلەر ـ مىللەتچىلەر، يوشۇرۇن لىنىيە ـ ھازىرقى زامان ئەسلى دىن تەرىقەتچىلىرىدىن ئىبارەت. مىسىردا بۇنداق ئەھۋالنىڭ كۆرۈلۈشىدىكى سەۋەب شۇكى، زامانىۋىلاشتۇرۇش ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يېڭى زامان تەرەپدارلىرىنىڭ ھەرىكىتى بولسىمۇ، لېكىن مىسىر جەمئىيىتىدە دىنىي ئەنئەنە ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان. مىسىرنىڭ زامانىۋىلىشىشى جەريانىدا بۇ ئىككى لىنىيە پاراللېل تەرەققىي قىلىپ، نەتىجىدە مىسىرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قارىمۇ ـ قارشىلىق ۋە توقۇنۇشقا تولغان.

ئاۋۋال ئاشكارا لىنىيىگە قارايدىغان بولساق، دەسلەپتە مىسىرنىڭ زامانىۋىلىشىشى مۇشۇ ئاشكارا لىنىيىنىڭ ئاكتىپ رول ئوينىشىدا قانات يايغان. 1798 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ناپالېئوننىڭ فرانسىيە ھەربىي فىلوتىنى باشلاپ ئىسكەندەرىيە پورتىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشى مىسىرنىڭ زامانىۋى دۇنياغا كىرىلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولدى. مىسىردىن پاختا كۆپ چىقىدۇ. ھەم مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە، بۇ ناھايىتى تېزلا مىسىرنى غەرب دۆلەتلىرى جان تىكىپ تالىشىدىغان ئۆلجىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئاخىرىدا مىسىر ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، مىسىرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش تارىخى، گۈللىنىش جەريانىدىكى زامانىۋىلىشىشقا يۈزلىنىش تارىخى بولۇپ قالدى.

ئەمما مىسىر غەرب ئەندىزىسى بىلەن ئۆزىنى قۇرۇۋاتقان پەيتتە، غەرپلىكلەر تاجاۋۇزچىلىق قەدەمىنى تېزلىتىپ، مىسىرغا بولغان مۇستەملىكەچىلىكىنى كۈچەيتتى. دەسلەپتە، ئەلىنىڭ ۋاقتىدا، ئەنگلىيە، روسىيە، ئاۋستىرىيە قاتارلىقلار بىرلىشىپ ئەلگە زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى زور كۈچ بولۇشىغا يول قويمىغان ئىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئەنگلىيە، فرانسىيە مىسىرنى ۋە سۇۋەيش قانىلىنىڭ كونتروللۇق ھوقۇقىنى تالاشتى. ئاخىرىدا مىسىر ئەنگلىيىنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ئەنگلىيىنىڭ يېقىندى دۆلىتىگە ئايلىنىپ قالدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندا، ئەنگلىيە دەرھال مىسىرنى ئۇزىنىڭ ھامىيلىقىدىكى دۆلەت دەپ ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مىسىرغا بولغان مۇستەملىكە قىلىش جەريانىنى تاماملىدى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزى پادىشاھنىڭ ئۆزىنى كۈچەيتىش خىيالىنى ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مىسىر جەمئىيىتىدە جەدىتچىلىك ـ مىللەتچىلىك سىياسىي پارتىيىسى كۈچلىرى مەيدانغا

كەلدى . بۇ سىياسىي پارتىيە ـ مىللىي مۇستەقىل-
لىقنى باش پروگرامما قىلىپ ، سىياسىي پارتىيە
ئارقىلىق مىسىرنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇندى .

سىياسىي پارتىيە 1906 ـ يىلى تەشكىللە-
نىشكە باشلىدى . شۇ چاغدا دىنازاۋۇر كەنتىدە
ئەنگلىيە ئارمىيىسىنىڭ كەنت ئاھالىسىنى قىرغىن
قىلىش ۋەقەسى يۈز بەردى . ۋەقەدىن كېيىن ئەنگ-
لىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى 52 نەپەر كەنت ئاھا-
لىسىنى سوراق قىلدى ، ھۆكۈم كەستى ، ئۆلۈم
جازاسى بەردى ھەم قاماپ قويدى . بۇ ئىش مىسىر
خەلقىنىڭ ئەنگلىيىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ
تېخىمۇ كۈچىيىشىگە سەۋەب بولدى . ئەنگلىيىگە
قارشى ھەرىكەتلەر جەريانىدا ، بىر تۈركۈم سىيا-
سىي پارتىيە مەيدانغا كەلدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى
مىللەتچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى . خۇافۇت
پارتىيىسى شۇلار ئىچىدىكى بىرى ئىدى .

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ، مىسىر خەلق-
ىنىڭ گېرمانىيىگە ئىغىش خاھىشى كۈچەيدى . بۇ
ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىگە قارشى كەيپىياتنىڭ بىر
خىل ئىپادىلىنىشى ئىدى . مىسىرلىقلارنىڭ گېر-
مانىيىلىكلەر بىلەن يېقىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئال-
دىنى ئېلىش ۋە بىرلەشمە ئارمىيىنىڭ ئارقا سېپى-
نى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ، ئەنگلىيە ئارمىيىسى
1942 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تانكا قىسىم-
لىرىنى ئىشقا سېلىپ ئوردىنى قورشىۋالدى ۋە
پادىشاھنى ئەنگلىيىپەرەس خۇافۇت پارتىيىسىنىڭ
ھۆكۈمەت تەشكىللىشىگە يول قويۇشقا مەجبۇرلى-
دى . بۇ خىل ھەرىكەت گەرچە ئۇرۇش ئۈچۈن
پايدىلىق بولسىمۇ ، لېكىن مىسىرنىڭ «ئەركىن
ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىيسى» نى ئۇزۇۋال ـ كې-
سىل بەربات قىلدى . مىسىرلىقلارنىڭ نەزىرىدە
«ئەركىن ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىيسى» ئەنگلىيە
مۇستەملىكچىلىرىنىڭ بىر خىل نەيرىڭى ، خۇافۇت
پارتىيىسى ئەنگلىيىكلەرنىڭ غالچىسى ئىدى .
«ئەركىن ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىي» بىلەن مى-
سىرنى گۈللەندۈرۈش شۇنداق قىلىپ مەغلۇپ بول-
دى . شۇنىڭدىن كېيىن پادىشاھلىق ھەيۋە يەر بە-
لەن يەكسان بولدى . سىياسىي پارتىيىنىڭ ئابرويى
تۆكۈلدى . پادىشاھلىق ھۆكۈمەت ئەمەلىيەتتە يىقى-
لاي دەپلا قالغان ئىدى . پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى
قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ، مىسىر 1948 ـ يىلى
ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئىسرائىلىيىگە قارشى 1 ـ
قېتىملىق ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ ، مىللەتچىلىكنى
پەش قىلىپ تۇرۇپ ، خەلقنىڭ رايىنى ئۆزىگە قارد-
تىشقا ئۇرۇندى . لېكىن ئۇرۇشنىڭ ئېچىنىشلىق
مەغلۇبىيىتى مىللەتچىلىكنى پادىشاھقا بولغان
كۈچلۈك قارشىلىق كەيپىياتىغا ئۆزگەرتىۋەتتى .
ئاخىرىدا 1952 ـ يىلى «ئەركىن ھەربىيلەر تەش-
كىلاتى» ھوقۇق تارتىۋېلىش ۋەقەسى يەنى «ئىيۇل
ئىنقىلابى». يۈز بەردى . يېڭى ھاكىمىيەت ئىچىدە
مىللەتچىلىك ئىدىيىسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولغان
جەدىتچىلىك ۋاستىسىغا ئايلىنىپ ، بۇنىڭدىن مى-
سىرنىڭ گۈللىنىشىدىكى 3 ـ باسقۇچ ، ناسىر ئى-
دىيىسى (ناسىرىزىم ) باسقۇچى باشلاندى .

ناسىرىزىم كۈچلۈك بولغان جەدىتچىلىك ئى-
دىيىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى
خەلقنى ئويغىتىش بولدى . ئۇ خەلقنىڭ كۈندىلىك
ئېھتىياجى بىلەن مىللەتچىلىكنى زىچ بىرلەشتۈ-
رۈپ ، خەلقنى تەشكىللىك بولغان مىللىي نىشان
ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇردى .

ناسىرىزىمنىڭ بىرىنچى مەزمۇنى مىللەتچى-
لىك بولۇپ ، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى مىللەتچىلىك ئە-
رەب مىللەتچىلىكى ئىدى ، يالغۇز مىسىر خەلقى
مىللەتچىلىكى ئەمەس ئىدى . شۇڭا ئۇنىڭ مىللەت-
چىلىك ئىدىيىسى پان ئەرەب تۈسىنى ئالغان . ئۇ ،
ھوقۇق تۇتۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي 1956 ـ يىلىدىكى
ئاساسىي قانۇندا «مىسىر بولسا ئەرەب مىللىتىنىڭ
بىر تەركىبىي قىسمى» دەپ ئېلان قىلدى .

ناسىرىزىمنىڭ ئىككىنچى مەزمۇنى ـ سوتسى-
يالىزىم . ناسىر تۈزگەن ئەڭ ئاخىرقى ئاساسىي
قانۇن يەنى 1964 ـ يىلدىكى ۋاقىتلىق ئاساسىي
قانۇندا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېيىلگەن : «مىسىر-
نىڭ سىياسىي تۈزۈمى ئەمگەكچى خەلق كۈچلىرى-
نىڭ ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلىدىغان دېموكراتىك
سوتسىيالىزىمدۇر» سوتسىيالىزىم سىياسىتى
1961 ـ يىلدىكى «ئىيۇل بۇيرۇقى» دا گەۋدىلىك
ئىپادىلىنىدۇ . بۇ بۇيرۇق نەتىجىسىدە ، پومىش-
چىكلار سىنىپى ۋەيران بولۇپ ، بۇرژۇئازىيە ئا-
جىزلاشقان . ئىشچىلار تۇرمۇشى ياخشىلانغان . بىر
قىسىم دېھقانلار يەرگە ئىگە بولغان . مائاشلىق ئەم-
گەكچىلەرنىڭ تۇرمۇشى بىرقەدەر كاپالەتكە ئىگە
بولغان . شۇنداق قىلىپ مىسىر جەمئىيىتىدە غايەت
زور ئۆزگىرىش بولغان . شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئا-
لىم ئەھلىلىرى «ئىيۇل بۇيرۇقى» ھەقىقىي «ئى-

يۇل ئىنقىلابى» دەپ ئاتىشىدۇ . دېمەك ، مىسىرنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى جەدىتچىلىكنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى . بۇ ئەنئەنىۋى ئىسلام روھى بىلەن قىلچە سىغىشالمايدۇ . ئەمما غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زەربىسى ئاستىدا مىسىر بۇ يولدا ئامالسىز مېڭىشقا مەجبۇر بولدى . مانا بۇ بارلىق غەيرى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى مۇساپىسىدە ئاسان كۆرۈلىدىغان ئەگرىچىلىك

## 2 . تەرىقەت ئەسلىيەتچىلىكى ۋە دۆلەت

ناسىرىزىمدىن باشلاپ ھازىرغىچە مىسىرنىڭ تۇتقان يولى جەدىتىزىم يولى بولۇپ ، مىسىر جەدىتىزىم ئارقىلىق قۇدرەت تېپىشنى نىشانلاپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى ، شۇنداقلا مىسلىسىز ئوڭۇشسىزلىقلارنىمۇ باشتىن ئۆتكۈزدى .

ئىسلام ئىدىئولوگىيىسى بويىچە كىشىلەر : غەلىبە قىلسا ئىسلامغا ئەگىشىپ ماڭغانلىق ، مەغلۇپ بولسا ئىسلام يولىدىن چەتنەپ كەتكەنلىك دەپ تونۇپ كەلگەن ئىدى . شۇنداق بولغاچقا ، ئەلنىڭ ۋاقتىدىن باشلاپ بىرەر ئوڭۇشسىزلىق كۆرۈلسىلا كىشىلەر پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ھوقۇقدارغا ئارتىپ قويىدى . جەدىتچىلىك مەغلۇپ بولۇشتىكى ئىدىيەۋى مەنبە دەپ قاراشتى . ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەت خۇددى ئىسلام روھىغا يېڭى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تېپىپ بېرىپ ، ئەگەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەگەشكەن بولسا يەنە نېمە ئۈچۈن مەغلۇپ بولىدۇ دەۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . ئەمەلىيەتتە مىسىرنىڭ تەرەققىياتى جەدىتچىلىك يۆنىلىشىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى . ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى گەرچە ئوخشاش بولمىسىمۇ ، لېكىن جەدىتچىلىك يۆنىلىشىدە باشتىن ـ ئاخىر بىردەك بولدى . يالغۇز بۇلا ئەمەس ، جەدىتچىلىك ئىدىيىسى ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن تېخىمۇ كۈچىيىپ ، تاكى ئەلنىڭ «ئەركىن ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسىيسى» دىن تارتىپ ناسىرغىچە شۇنداق بولۇپ كەلدى .

ناسىرىزىم زاۋال تاپقاندىن كېيىن چىقىش يولى زادى نەدە ؟ مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تەرىقەت ئەسلىيەتچىلىكى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ئاپپاراتلىرىغا قاتتىق جەڭ ئېلان قىلدى . تەتقىقاتچىلار ئورتاق ھالدا مۇنداق دەپ قاراشتى : گەرچە تەرىقەتچىلىكنىڭ ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بار ، ئىسلام ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ ئەڭ «دەسلەپكى» ھالىتىنى ئەڭ غايىلىك ھالەت دەپ قاراپ ، ھەر ۋاقىت «ئەسلىيەت» ھالىتىگە قايتىشقا تەييار تۇرسىمۇ ، لېكىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى تەرىقەتچىلىكنى مەيدانغا كەلتۈرگۈچى ، ئىتتىرگۈچى ئامىل بولۇپ كەلدى .

تەرىقەت ئەسلىيەتچىلىكى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا قارشى ئەمەس ، پەقەت ئىسلام ئىرادىسى ئارقىلىق «ئۇنى يېڭىۋاشتىن ئىپادىلەش ۋە تەڭشەش» نى ئويلايدۇ . ئۇلار قەدىمكى ئىسلام جەمئىيىتىنى قايتا تىرىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلماستىن ، بەلكى ھازىرقى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى يېڭىۋاشتىن ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىشنى ، «قايتا ئىسلاملاشتۇرۇش» نى ئارزۇ قىلىدۇ . تەرىقەت ئەسلىيەتچىلىرى زامانىۋى دۆلەت قۇرۇشقا قارشى ئەمەس ، بەلكى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا دىنىنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى يوقىتىپ قويۇشقا قارشى . ئۇلار زامانىۋى دۆلەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى چوقۇم ئىسلام دىنى بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ . تەرىقەتچىلىكنىڭ دەسلەپكى ۋەكىلى ھەسەن بەننا (1905 ـ 1945) بولۇپ ، ئۇ مۇشۇ تەرىقەتچىلىك ئىدىيىسىنى مىسىرغا ئېلىپ كىردى . بەننا ياش ۋاقتىدا ۋەزىيەت قالايمىقان ئىدى ، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ مىسىر ئەنگلىيە تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىنغان ئىدى . ئۇرۇشتىن كېيىن مىسىر خەلقى قارشىلىق كۆرسىتىپ ، يېرىم مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تۈركىيە خەلىپىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا غايەت زور تەۋرىنىش ، ئەنسىزلىك پەيدا قىلدى . مۇشۇ چاغدا ئەرەب دۇنياسى بالايى ـ ئاپەت ، قايغۇ ـ مۇسىبەت ، دەرد ـ ئەلەم ئىچىگە غەرق بولغان ئىدى . بەننا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ چىرىكلىكى ، ئىسلامنىڭ چېكىنگەنلىكىدىن كۆردى . بولۇپمۇ تۈركىيىدىكى جەدىتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ يامرىشى بىلەن ئىسلام روھى سۇسلاشتى . مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆز ئېتىقادىنى قۇتقۇزۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشقا بەل باغلاپ ، 1928 ـ

يىلى مۇسۇلمان «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» نى قۇردى . («قۇرئان» دا «مۆمىنلەر بىر ـ بىرى بىلەن ئۆز ئارا قېرىنداشتۇر» دېيىلگەن . دەسلەپكى چاغلاردا «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» بىر تىنچلىقپەرۋەر دىنىي گەۋدە بولۇپ، ئىزمىرىيە رايونىدا پائالىيەت قىلىش بىلەن چەكلەنگەن ئىدى . كېيىن ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى كېڭىيىپ، 1933 ـ يىلى قاھىرەگە يۆتكەلدى ۋە 500 تارماق شۆبىسى بار بولدى . 1936 ـ يىلى مىسىردا ئەنگلىيە ـ مىسىر شەرتنامىسىگە قارشى خەلق كۈرىشى پارتلاپ، زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى . شۇ يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىغا، يەھۇدى كۆچمەنلىرىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ پارتلىدى . بەننانىڭ سىياسىي مەيدانى مۇشۇ بىر يىلى تۇيۇقسىز كەسكىنلىشىپ، «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» مۇ پەيدىن ـ پەي بىر سىياسىي تەشكىلاتقا ئايلاندى . 1938 ـ يىلى بەننا «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» نىڭ «يولباشچى» ناملىق ژورنىلىدا ماقالا ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى : «ئىسلام بولسا ئېتىقاد بىلەن رەھبەرلىك، دىن بىلەن دۆلەت، روھ بىلەن ھەرىكەت، دۇئا بىلەن كۈرەش، بويسۇنۇش بىلەن سىياسىي، «قۇرئان» بىلەن ئۆتكۈر شەمشەرنىڭ بىرلىكىدۇر . ئىككى تەرەپنى بىر ـ بىرىدىن قەتئىي ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ .» بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئۇ ھەرىكەتنىڭ كۈرەشچانلىقىنى كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپكە كىرگۈزدى . بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» ئۆزلىرىنىڭ شۇئارىنى ئېنىق جاكارلىدى : «قۇرئان» بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىز، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ يولباشچىمىز، ئاللاھ يولىدا قۇربان بولۇش بىزنىڭ ئەڭ ئالىي، مۇقەددەس غايىمىز .» بۇ ئىككى جۈملە سۆزنى «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» نىڭ نىزامنامىسى، نىشانى ۋە كۈرەش ۋاستىسىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەردى دېيىشكە بولىدۇ . ئۇلار ئىسلامغا قايتىشنى غايە، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشنى نىشان، سىياسىي كۈرەشنى ۋاستە قىلغان بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا، زورلۇق كۈچىدىنىمۇ پايدىلىنىدۇ . مانا مۇشۇ ئىدىيىلەر «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى»نىڭ كېيىنكى نەچچە ئون يىللىق كۈرەش نىشانلىرىدا، شۇنداقلا كېيىنكى تەرىقەت ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ (تەشكىلاتلىرىنىڭ) پائالىيەتلىرىدە ئالىي مىزان قىلىپ ئۇلۇغلانغان .

«قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندىن كېيىن، كۆپىنچە ھۆكۈمەت بىلەن تىركىشىش، قارشىلىشىش ھالىتىدە تۇردى . چۈنكى ئۇلار ھۆكۈمەتنىڭ جەدىتچىلىك خاراكتېرىنى بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى دەپ قاراپ، ئۇنى ئاغدۇرۇشقا قەسەمياد قىلغان ئىدى . 1936 ـ يىلى ئەنگلىيە مىسىر شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» سىياسىي پائالىيەتلەرگە چۆكۈپ كەتتى . 1946 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئەزالىرى 500 مىڭغا، شۆبە ئورگىنى 500 گە، ھىمايىچىلىرى 500 مىڭغا يەتتى . 1948 ـ يىلى ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندا، ئۇنىڭ ئەزالىرى پىدائىي قىسىم بولۇپ تەشكىللىنىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى . ئۇرۇش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار پادىشاھنى ئاغدۇرۇش مەخپىي ھەرىكەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى . بولۇپمۇ ئەركىن ھەربىيلەر تەشكىلاتى بىلەن ئالاقىلاشتى . كېيىن «ئىيۇل ئىنقىلابى» دا تەشكىللەنگەن ئون سەككىز كىشىلىك ئىنقىلابى رەھبەرلىك كومىتېتىنىڭ ئىچىدە تۆت كىشى «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» مەركىزى بىلەن يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى كېيىنكى كۈنلەردىكى زۇڭتۇڭ سادات ئىدى .

«قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» پادىشاھلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇش مەغلۇبىيىتى مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن، 1948 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمەت ئۇنى چەكلىدى . ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ باش ۋەزىرى بۇ سەۋەبلىك «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» نىڭ بىر ئەزاسى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى . ھۆكۈمەتمۇ تېزلا كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئوچۇق ـ ئاشكارا باستۇرۇشنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، كېيىنكى يىلىنىڭ بېشىدىلا ئادەم ئەۋەتىپ بەننانى قەستلەپ ئۆلتۈردى . پادىشاھلىق ھۆكۈمەت بىلەن «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» ئاللىقاچان قوراللىق ئېلىشىش ھالىتىدە تۇراۋاتاتتى .

بۇ ۋاقىتتا يۈز بەرگەن «ئىيۇل ئىنقىلابى» نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىگە «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكەن ئىدى . ئىيۇل ئىنقىلابىدىن كېيىن «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» نىڭ ھەربىي ھۆكۈمەت بىلەن بىر مەزگىللىك شېرىن ئايلىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى . بۇنداق يۈزلىنىش مۇقەررەر . چۈن-

كى ناسىرنىڭ ئىدىيىسى ئېخىمۇ جەدىتلەشكەن بولۇپ، ئۇ مىللەتچىلىكنى تەرغىپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى «سوتسىيالىزىم» نى يولغا قويدى. لېكىن ناسىر پەقەت ئازراق نەتىجە قازانسا، «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» ئۇنىڭغا ئىلاجىسىز ئىدى. مۇبادا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا ئۇنىڭغا قارشى يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. دەسلەپتە ئىنقىلابى ھۆكۈمەت بارلىق سىياسىي تەشكىلاتلارنى تارقىتىۋېتىپ، يالغۇز «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى»نىلا قالدۇرۇپ قويغانىدى. چۈنكى «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» ھەر ھالدا «ئىيۇل ئىنقىلابى“ دا كۈچ چىقارغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ناسىر يەر ئىسلاھاتى، ئاياللارنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىش، مائارىپ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى باشلىدى. بۇلارنىڭ «جەدىتچىلىك» قىياپىتى كۈنسېرى رۇشەنلەشتى. مۇشۇنداق قىلىپ، ناسىر ھۆكۈمىتى بىلەن «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» ھەرقايسىسى ئۆز سەنىمگە دەسسەپ مېڭىشتى ۋە بىرقەدەر زورلۇق ۋاستىلىرىنىمۇ قوللىنىشتى. 1954 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» ناسىرنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈشنى پىلانلاپ مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن، ناسىر «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى»غا نىسبەتەن قاتتىق باستۇرۇش ئېلىپ باردى. ئالتە نەپەر «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» ئەزاسى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. 4000 نەپىرى قاماققا ئېلىندى. نەچچە يۈز مىڭى چەت ئەللەردە سەرسان بولۇپ يۈردى. 1956 ـ يىلدىكى سۈۋەيش قانىلى ۋەقەسىدىن كېيىن، ناسىرنىڭ ئىناۋىتى ئېشىپ، ئەنئەنىۋى نوپۇزلۇق ئۆلىمالار ھۆكۈمەتنىڭ يەر ئىسلاھاتى، دۆلەت ،ۇلۇكچىلىكنى يولغا قويۇش، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش قاتارلىق سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» نىڭ تەسىرى ناسىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋاقىتلىرىدا كىچىكلەپ ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشتى. بۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ غوللۇق ئەزالىرى بىر بولسا تۈرمىدە، بىر بولسا چەت ئەلدە سەرسان ـ سەرگەردانلىقتا ئىدى. مىسىرنىڭ جەدىتچىلىك تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن ئىدى. 1964 ـ يىلىغا كەلگەندە، ناسىر «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى»نىڭ ئەزالىرىنى تۈرمىدىن چىقاردى. سەۋەبى ئۇ ئۇلاردىن پايدىلىنىپ كومپارتىيە بىلەن ئۆزئارا سوقۇشتۇرماقچى ئىدى. لېكىن «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھۆكۈمەت بىلەن جېدەللىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ناسىر بىلەن كومپارتىيە بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى بولۇپ، ھەممىسى «جەدىتچىلىك ئېقىمى» نىڭ گۇناھكار مۇرتلىرى ئىدى. ھۆكۈمەت «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى»نى ناسىرنى ئۈچ قېتىم مەخپىي ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان دەپ ئەيىبلەپ يەنە باستۇرۇشقا باشلىدى. بۇ قېتىمدا «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى»نىڭ 365 نەپەر غوللۇق ئەزاسى سوراققا تارتىلىپ، يادرولۇق رەھبەرلىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدە «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى»نىڭ مۇھىم نەزەرىيىۋى ئالىمى سەئىد قۇتۇبمۇ بار ئىدى. سەئىد قۇتۇب 50 ـ يىللاردا «يول كۆرسەتكۈچى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ناسىر ھۆكۈمىتىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى جاھالەت ھۆكۈمرانلىقى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكى، چۈنكى ئۇنىڭ ئىسلام ئېتىقادىنىڭ يېتەكلىشىدە ئەمەسلىكىنى سۆزلىگەن ئىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىدىيىۋى ئاڭ ۋە ئېتىقاد بىرلىكى ئاساسىدىكى رىشتە بىر زېمىندا ياشايدىغان ۋەتەنداشلىق رىشتىسىدىن مۇستەھكەم، تىرىتورىيىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن مۇسۇلمانلارنى ئۇ يەرلىك، بۇ يەرلىك دەپ ئايرىش ئەھلى سەلىپ ۋە يەھۇدى جاھانگىرلىكىنىڭ قىلمىشى. بۇنى چوقۇم يوقىتىش كېرەك.» كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سەئىد قۇتۇب بىرلىككە كەلگەن ئىسلام دۇنياسى قۇرۇشتا چىڭ تۇرىدۇ، ئۇ ھەرقانداق مىللەتچىلىك ئىدىيىسى بىلەن قەتئىي چىقىشالمايدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ نەزىرىدە، ناسىرنىڭ پان ئەرەب تۈسىدىكى مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ «ئەھلى سەلىپ ۋە يەھۇدى دۆلىتى تىرىلدۈرمىچىلىك ئىدىيىسى» بىلەن قىلچە پەرقى يوق.

ساداتنىڭ تەختكە ئولتۇرۇشى دەسلەپتە ئىسلام كۈچلىرىنى قالتىس خوش قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۇ تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، ئىلگىرى بەننا بىلەن كۆرۈشكەن، ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئىنقىلابنىڭ ئالدىدا ئۇ ئەركىن ھەربىيلەر تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك ئەزاسى سالاھىيىتى بىلەن «قېرىنداشلار ئىتتىپاقى» بىلەن يېقىن بېرىش ـ كېلىش قىلغان، ئىنقىلابتىن كېيىن ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن ئالاقە باغلايدىغان

رەسمىي ۋەكىلى بولغان ئىدى . كۈندىلىك تۇرمۇش-
تا ئۇ دىنىي قائىدىلەرگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ،
ھەر كۈنى بەش ۋاخ ناماز ئوتەپ ، تەقۋادار مۇسۇل-
مانلىق ئوبرازى بىلەن يۈرەتتى . ئۇ تەختكە چى-
قىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا «ئېتىقاد ۋە ئىلىم - پەن
شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېدى» كىشىلەر گويا دى-
نىي ئىدىئولوگىيىگە قايتقاندەك ھېس قىلىشتى .
ئۇ يەنە دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ بىر
كۈندە بەش ۋاخ ناماز ئۈچۈن بەش ۋاخ ئەرزان
ئوقۇشىنى ، شەرىئەت قانۇنىنى دۆلەتنىڭ قانۇن
تۈرغۈزۈش ئاساسى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى .
دىنىي ساھەدىكىلەر ئۇنىڭ بىر «ئېتىقادلىق زۇڭ-
تۇڭ» ئىكەنلىكىگە ، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ئىس-
لام دۆلىتى» نىڭ پات ئارىدىلا ۋۇجۇدقا كېلىدىغان-
لىقىغا ئىشەنچىدە بولۇشتى . لېكىن كىشىلەر سا-
داتنىڭ كۈچلۈك مىللەتچى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ
ھاياتىدىكى سىياسىي پائالىيەتلىرىنىڭ مىللەتچى-
لىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ، دىن ئۈچۈن
ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشتى .

دۆلەتنىڭ نىشانى بىلەن دىنىي پرىنسىپلار دا-
ئىم قارىمۇ قارشى كېلىپ قالاتتى . 1977 - يىلى
ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرى يىغىن چاقىرىپ ،
شەرىئەت قانۇنىنى بارلىق قانۇنلارنىڭ ئاساسىي
دەپ رەسمىي ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى . سادات
بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ ، ھۆكۈمەت ئىسلام قانۇنى
بويىچە ، ھاراق ئىچكەن ، زىنا قىلغان ، ئېتىقادىنى
ئۆزگەرتكەن قىلمىشلارغا قارىتا جازالاش چارىسى
تۈزۈپ چىقىدۇ دېدى . بۇ بايانات ئېلان قىلىنىش
بىلەنلا ، ئاھالىنىڭ % 10 نى ئىگىلەيدىغان خرىس-
تىئان مۇرتلىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ ، قار-
شىلىق كۆرسىتىش پائالىيىتى 4 كۈن داۋام قىل-
دى . سادات ئامالسىزلىقتىن گېپىنى ياندۇرۇۋال-
دى . مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، ئەنئەنىۋى ئىسلامچىلار
ئۇنى ئىسلام پرىنسىپىدىن يۈز ئۆرىدى دېدى . دى-
نىي ئىسلاھاتچىلار ئۇنى ئەنئەنىسىگە قايتماقچى دې-
دى . خرىستىئانلار ئۇنى دىنىي كەمسىتىش يۈر-
گۈزدى دېدى . تەرىقەت ئەسلىيەتچىلىرى بولسا ئۇ
جەدىتچىلىككە ياخشىچاق بولماقچى دېدى . ئەمەلى-
يەتتە ، دۆلەتنىڭ سىياسىتى دىننى چىقىش نۇقتا
قىلسا ، بولۇپمۇ ئوخشىمىغان دىن ھەم ئوخشاشمى-
غان مەزھەپلەر تەڭ مەۋجۇت بولغان دۆلەتتە بۇنداق
قىلسا تېخىمۇ بولمايتتى .

دۆلەت نىشانى بىلەن دىنىي پرىنسىپلارنىڭ
قارىمۇ قارشىلىقى ساداتنىڭ تاشقى سىياسىتىدە تې-
خىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ ، دۆلەت بىلەن دىنى-
نىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چى-
قاردى . 1973 - يىلى 10 - ئايدا سادات «رامىزان
ئۇرۇشى» نى قوزغىدى . مىسىر ئارمىيىسى «قۇر-
ئان» نى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، تەكبىر ئېيتقان پېتى
سۇۋەيش قانىلىدىن ئۆتۈپ ، ئەرەب تارىخىدا تۇنجى
قېتىم ئىسرائىلىيە ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى . ئە-
رەبلەر خۇشال ھالدا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تۇۋ-
لاپ ، ئىسلام ھەقىقىتىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا قاي-
تىپ كەلگەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ تۇرغان پەيت-
سەتتە ، سادات ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ 1977
- يىلى 11 - ئايدا ئىسرائىلىيەنى زىيارەت قىلىپ ،
ئەرەب دۇنياسى بىلەن ئىسرائىلىيە سۆھبىتىنىڭ
تىنچلىق مۇساپىسىنى ئاچتى . دۆلەتكە نىسبەتەن
ئېيتقاندا ، بۇ ئەقىللىق مۇۋاپىق بولۇپ ، مىسىر ئىس-
رائىلىيە بىلەن بولغان قارشىلىشىشتا زور زىيان
تارتقان ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تۇسالغۇغا ئۇچ-
راپ خەلقئارادىكى ئورنى تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى .
پەقەت بۇ بوخچىنى تاشلىۋەتكەندىلا ، ئاندىن زامانى-
ۋىلىشىش نىشانىغا ئاتلىنالايتتى . لېكىن ساداتنىڭ
ھەرىكىتى ئىسلام دۇنياسىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى
قوزغىدى . نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ئىسلامنىڭ مۇ-
قەددەس ئىشلىرىغا ئاسىيلىق قىلدى دەپ ئەيىبلەش-
تى . كۆپلىگەن ئەرەب دۆلەتلىرى مىسىر بىلەن
بولغان دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى . پۇقرا-
لارمۇ ساداتنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىنى
چۈشەنمىدى . ئىسلام تەرىقەت ئەسلىيەتچىلىرى
بولسا ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ ،
ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىكۈسى كېلىپ كەتتى . 1981 -
يىلى 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى «رامىزان» نىڭ
سەككىز يىللىقى خاتىرلىنىپ ، سادات ئەسكەرلەر-
نى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان چاغدا ، تۆت نەپەر ئاپتو-
مات تۇتقان ئەسكەر تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى .
ئۇلارنىڭ باشچىسى بىرنەپەر جۇڭگۇيى Lieutenant
بولۇپ ، ئۇلار تەرىقەت ئەسلىيەتچىلىرىنىڭ بىر را-
دىكال گۇرۇھى «غازاتچىلار تەشكىلاتى» غا تەۋە
ئادەملەر ئىدى .

- «دۇنيا تارىخى» ژۇرنىلى 2000 - يىل
3 - سانىدىن بۇۋى مەريەم ئابدۇكېرىم
تەرجىمە قىلدى .

www.uyghurkitap.com



# قېرىش ۋە ئۆلۈشنىڭ سىرى

80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا، ئالىملار دېڭىزدا ياشىغۇچى سەككىز ئاياغنىڭ كۆز ئۇۋىسىنىڭ كەينى تەرىپىدە بىر جۈپ بەز بولۇپ، بەلگىلىك ۋاقىتقا يېتىپ بارغاندا، تەدرىجىي تۈردە بىر خىل گورمون قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىن سەككىز ئاياغنىڭ ئۆلۈم يولىغا قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ بىر جۈپ بەزنىڭ بىرىنى كېسىپ تاشلىغاندا، بۇ سەككىز ئاياغ گەرچە بىر ئەرسە يېمىسىمۇ ئۆمرى 100 كۈن ئەتراپىدا ئۇزارغان. ئىككى بەزنى كېسىپ تاشلىغاندا بولسا، ئۆمرى توققۇز ئايدىن كۆپرەك ئۇزارغان. بۇ بايقاش ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل تىببىي ساھەنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن. ئارقىدىنلا ئالىملار مۇنداق بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: «ئادەم بەدىنىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ‹ئۆلۈش گورمونى› بارمۇ ـ يوق؟ ئەگەر بار بولسا، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنى كونترول قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتقىلى بولامدۇ ـ يوق؟»

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ياشانغانلار ئىلمىي مۇتەخەسسىسى پروفېسسور دەنكىرا سەككىز ئاياغنىڭ كۆز ئۇۋىسىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى بەزنىڭ كېسىۋېتىلىشى ئارقىلىق ئۆمرىنىڭ ئۇزارغانلىقى توغرىسىدىكى تەجرىبىدىن ئىلھامغا كېلىپ، بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئادەمدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان چاشقاننى تەجرىبە قىلدى. ياشىنىپ قالغان چاشقانلارنىڭ ھىپوفىز بېزىنى كېسىپ تاشلاپ، ھەربىر چاشقانغا قالقان بېزى گورمونىنى ئۇردى. نەتىجىدە بۇ بىر گۇرۇپپا چاشقانلارنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ ۋە يۈرەك قان تومۇر ئىقتىدارىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەسلىگە كەلدى. ئەكسىچە، يەنە بىر گۇرۇپپا چاشقانلارنىڭ ھىپوفىز بېزى كېسىپ تاشلانمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈم ئىلاھى تېزلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. دەنكىرا مانا بۇ تەجرىبىگە ئاساسەن، ياشانغان چاشقانلارنىڭ ھىپوفىز بېزى بىر خىل «ئۆلۈش گورمونى» قويۇپ بېرىپ، قېرىش ۋە ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن پروفېسسور دەنكىرا بىر خىل يېڭى ئۆلۈش ئىلمىي تەلىماتىنى يەنى «ئۆلۈش گورمونى» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پروفېسسور دەنكىرا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئادەمدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان «ئۆلۈش گورمونى» نىڭ بارلىقىنى، ئەمما بۇ گورمونىنىڭ ئادەمنىڭ كۆز ئۇۋىسىنىڭ كەينى تەرىپىدە بولماستىن، بەلكى مېڭىسىنىڭ ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى بايقىدى. دەكرا ئادەمنىڭ ھىپوفىز بېزىنىڭ بەلگىلىك ۋاقىتتا «ئۆلۈش گورمونى» قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى، بۇ خىل «ئۆلۈش گورمونى» ئادەمنىڭ نورمال ھۈجەيرىلىرىنىڭ قالقان بېزى گورمونىنى ئىشلىتىشكە توسقۇنلۇق قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ھۈجەيرىلەرنىڭ ماددا ئالمىشىش ئىقتىدارىنى تۆۋەنلىتىپ، قېرىش ۋە ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى بايقىدى.

دەنكىرا مۇنداق ھېسابلايدۇ: ھەربىر ئادەمنىڭ ھىپوفىز بېزى شۇ ئادەمنىڭ ياشلىق دەۋرىدىن باشلاپلا «ئۆلۈش گورمونى» قويۇپ بېرىشكە باشلايدۇ، نەتىجىدە ئادەم بەدىنىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ قالقان بېزى گورمونىنى ئىشلىتىش ئىقتىدارى تەدرىجىي تۆۋەنلەپ، ئاخىرى پۈتۈنلەي يوقايدۇ. مانا بۇ ۋاقىتتا ئۆلۈم ئىلاھىمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. ئادەم قېرىلىق باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا «ئۆلۈش گورمونى» ئۈزلۈكسىز تۈردە توپلىنىپ بارغانلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىشقا باشلايدۇ، شۇ سەۋەبتىن، ئادەم قېرىلىق باسقۇچىغا قەدەم قويغاندا ھەرقايسى ئەزالىرى، سىستېمىلىرىدا كەينىگە چېكىنىش، قېرىش قاتارلىق تۈرلۈك ـ تۈمەن ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. پروفېسسور دەنكىرا يەنە مۇنداق ھېسابلايدۇ: ئادەم بەدىنى بىر خىل ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئورگانىزم، ئادەم بەدىنىدە «ئۆلۈش ھورمونى» دىن سىرت ھۈجەيرە ۋە ئەزالارنىڭ ئىقتىدارىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان باشقا ماددىلار بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەلكىم «ئۆلۈش گورمونى» غا قارشىلىق كۆرسىتىدىغان. ئورگانىزمنىڭ ئۆم-

رىنى ئۆزگەرتىدىغان خىمىيىۋى ماددىلارمۇ بولۇشى
مۇمكىن . شۇ سەۋەبتىن دەنكرا ئەگەر «ئۆلۈش
گورمونى» قاتارلىق زىيانلىق ماددىلارنى كونترول
قىلغىلى ، بۇزۇپ تاشلىغىلى ، تازىلاپ چىقىرىۋەت-
كىلى بولسا ، ئۇ ھالدا ئادەم بەدىنىدىكى ھەرقايسى
سىستېما ، ئەزا ھۈجەيرىلەرنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇ-
رۇپ شۇ ئارقىلىق قېرىش ۋە ئۆلۈشنىڭ يېتىپ
كېلىشىنى كېچىكتۈرگىلى بولىدۇ دېگەن قاراشنى
ئوتتۇرىغا قويدى .

«ئۆلۈش گورمونى» تەلىماتى سەككىز ئاياغ
ۋە چاشقاندا تەجرىبە قىلىنىش ئارقىلىق ئېتىراپ
قىلىشقا ئېرىشكەندىن كېيىن ، ئالىملار بۇ تەجرىبە
بەلكىم ئىنسانلارنىڭ قېرىش ۋە ئۆلۈش سىرىنى
ئېچىشتىكى «ئالتۇن ئاچقۇچ» بولۇپ قېلىشى
مۇمكىن ، دەپ پەرەز قىلىشتى .

## ئادەم تېنىنىڭ نۇر چىقىرىشىنىڭ سىرى

20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئا-
دەمگە ئالاھىدە بىر خىل ئۇسكۇنە ئىشلىتىش ئار-
قىلىق ئادەم تېنىدە 15 مىللىمېتىر ئەتراپىدا ئادەم-
نىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان رەڭلىك ئاجايىپ چىراي-
لىق ، بىردەم پەيدا بولۇپ بىردەم يوقىلىپ كېتى-
دىغان نۇرنىڭ بارلىقى بايقالدى . 80 ـ يىللاردىن
كېيىن ئامېرىكا ، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى
ئالىملار يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇسكۇنىلەرنى ئىش-
لىتىپ ، ئادەم تېنىنىڭ نۇر چىقىرىشىنى تەتقىق
قىلىپ ، ئادەم بەدىنىنىڭ نۇر چىقىرىشى ھاياتلىق
پائالىيىتى كۆتۈرۈش مىقدارىنىڭ مۇھىم ئۇچۇرى
ئىكەنلىكىنى بايقىغان . ئوخشاش بولمىغان ياش ،
ئوخشاش بولمىغان سالامەتلىك ئەھۋالى ، ئوخشاش
بولمىغان تەن قۇرۇلۇشى ھەتتا ئوخشاش بولمىغان
كەيپىيات ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئادەم بەدىنى
چىقارغان نۇرنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى ، رەڭگى
قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمايدۇ .

ئالىملار كۆزىتىش ئارقىلىق ئادەم بەدىنىنىڭ
باش قىسمىنىڭ چىقارغان نۇرى سۇس كۆك رەڭ-
لىك ، قولنىڭ دۈمبە قىسمىنىڭ چىقارغان نۇرى
كۆك ، قول ـ پۇت قىسمىنىڭ چىقارغان نۇرىنىڭ
يورۇقلۇقى بىلەك ، يوتا ، ۋە گەۋدە قىسمىدىن بىر-
قەدەر كۈچلۈك بولىدىغانلىقى ، ئادەم كەيپىياتى مۇ-
قىم بولغاندا چىقارغان نۇرنىڭ سۇس كۆك رەڭدە ،
ئاچچىقلانغان ۋاقىتتا توق سېرىق رەڭگە ئۆزگىرى-
دىغانلىقىنى ، ۋەھىمە باسقان ۋاقىتتا قىزغۇچ سې-
رىققا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ، قورامىغا يەتكەن ئادەم-
لەر چىقارغان نۇرنىڭ كىچىك باللار ۋە ياشانغانلا-
رغا قارىغاندا خېلىلا يورۇق بولىدىغانلىقىنى ، تەن-
ھەرىكەتچىلەر ۋە يەل گۈمپىسى ئۇستىلىرىنىڭ
چىقارغان نۇرى ئادەتتىكى ئوخشاش ياشتىكىلەر بى-
لەن سېلىشتۇرغاندا يورۇق بولىدىغانلىقىنى بايقى-
غان . يېمەك ـ ئىچمەك ئوخشاش بولمىغان ئادەم-
لەرنىڭ چىقارغان نۇرى ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ .
شىمالىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئادەم-
لەرنىڭ چىقارغان نۇرى بىرقەدەر يورۇق بولىدىغان-
لىقى ، ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى كىشىلەر-
نىڭ چىقارغان نۇرى بىرقەدەر غۇۋا (سۇس ) بولى-
دىغانلىقى ، بۇنى كىشىلەر ئالدىنقىسىنىڭ تۇرمۇش
سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى ، كېيىنكىسىنىڭ
تۇرمۇشىنىڭ قىيىنچىلىقتا بولىدىغانلىقى دەپ قا-
رىغان . ئەر ـ ئاياللار ئۆزئارا بېرىش ـ كېلىش
قىلغاندا ئادەم بەدىنىنىڭ چىقارغان نۇرىمۇ ئاجايىپ
غەلىتە بولىدۇ . ئامېرىكا ئالىملىرى بىر خىل يۇ-
قىرى تېخنىكىلىق يالتىراق نۇر تەكشۈرۈش ئەسۋا-
بىدىن پايدىلىنىپ بىر قىسىم مۇھەببەتلىشىۋاتقان
يىگىت ـ قىزلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق ، ئاشىق ـ
مەشۇقلار قول تۇتۇشقاننى رەسىمگە تارتقاندا قىز-
نىڭ بارماق ئۇچىنىڭ چىقارغان نۇر دائىرىسىنىڭ
ئالاھىدە يورۇق بولىدىغانلىقىنى ھەمدە يىگىتنىڭ
بارماق ئۇچىغىچە سوزۇلىدىغانلىقىنى ، يىگىتنىڭ
بارماق ئۇچىدىكى نۇرنىڭمۇ قىزنىڭ نۇر دائىرىسى-
گىچە سوزۇلىدىغانلىقىنى بايقىغان . يات جىنىستى-
كىلەر قۇچاقلاشقان ، سۆيۈشكەن ۋاقىتتا چىقارغان
نۇرنىڭ ئۆزئارا ئاجايىپ بىرلىشىپ ، گىرەلىشىپ
كەتكەنلىكىنى ، يەنى ئادەتتىن تاشقىرى نۇرلۇق بو-
لۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان .

ئادەم تېنىنىڭ نۇر چىقارغانلىقىنىڭ ئۇچۇ-
رى ، بىر ئادەمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنىمۇ ئەكس
ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . كېسەل بولۇشتىن ئىلگىرى ،
ئادەم تېنىدىكى نۇردا قۇياش گەۋدىسىگە ئوخشايدى-
غان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ . ئادەتتە قىزىل رەڭلىك
نۇر سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەن-
لىكىنى ، تۇتۇق كۆل رەڭلىك نۇر كېسەل ئەھۋا-
لىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلدۈرىدۇ . تەتقىقاتچىلارنىڭ
بايقىشىچە ، راك كېسىلى بار ئادەملەردە ناھايىتى
كۈچلۈك ئۈسۈملۈك نۇر چىقىرىشى بار ئىكەن . بۇ
خىل بايقاش راك كېسىلىنى داۋالاشنىڭ يېڭىچە
بىر خىل دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇلى بولۇپ قېلىشى
مۇمكىن . تەتقىقاتچىلار يالتىراق نۇر تەكشۈرۈش
تېخنىكا ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، ئۆسمە كېسىلى بار
ئادەملەرنى تەكشۈرگەندە راك كېسىلى بار ئادەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

新疆社科论坛 (维吾尔文版)
新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办
2001 年第 6 期 (总第 54 期)

# 目录

新世纪、科学与生活

发现自我 ........ S. 谢日甫 1

经济商业

经济发展中的尉犁 ........ 本栏目主持人 U. 阿布都热依木 12

乡下缺什么? ........ U · 阿吾提 18

经典著作，经典音乐

纳瓦依生评及其创作的论辨 ........ H · 乌斯曼 26

阿布都合里克维吾尔创作中的世界性 ........ A · 阿不都热合曼 34

文化，教育

维吾尔人名的历史发展 ........ A. 苏来曼 51

学派座谈

真理与塔沙吾夫 ........ U. 玉苏音 42

小百科

宗教对抗国家 ........ 前乘旦 56

衷老和死亡之秘 ........ 潘 程 62

主编: 巴赫提亚 · 沙依托夫
副主编及其责任编辑: 斯拉木江 · 谢日甫
责任校对: 买如甫 · 买买提明

ئەقلىي ئىقتىدار ھاياتىمىزنىڭ تۈگىمەس بايلىقى، يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىش ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك خىزمىتى. ژۇرنىلىمىز مانا مۇشۇ بۈيۈك خىزمەت ئۈچۈن پىداكار. ساپا ـ سۈپىتىمىزنى ئۈستۈرۈشنى ئويلىسىڭىز بۇ يىل 6 ـ سانىدىن باشلاپ بۇ ھەقتىكى سەھىپىلىرىمىزگە مۇراجەت قىلىڭ.



مۇھتەرەم ئوقۇرمەن، سىز ژۇرنىلىمىز بىلەن تونۇشقانمۇ؟ بۇ ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ بارلىق ساھەلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەن مەدەنىيەت تارىخىدا ۋە ھازىرقى كۈندە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ بىر پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئومۇمىيلاشتۇرۇپ خەلققە يەتكۈزىدىغان قوي ئىلمىي ژۇرنال، بەلگىلىك مەنىدە دۇنيا خەلقىمىزنىڭ ئىلىم پەندىكى پۈتۈن ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان جاھاننامىدۇر. شۇ ۋەجىدىن ژۇرنىلىمىزنىڭ مەزمۇنلار تۈزۈلۈشىمۇ ساقلاش، تەكرار تارقىتىش ۋە يېڭى سىلمىلەرنى ئىجاد قىلىشقا يېتەكلەشتەك مۇھىم قىممەتكە ئىگە. ئىجتىمائىي مۇھىمى شۇكى، ژۇرنىلىمىز پەننىڭ سىرلىق ئورۇنلىرىنىڭ جەۋھىرى پىكىرلەرنى ھەممىباب تىل بىلەن كەڭ كەپچى خەلقىنى ئاساس قىلىپ تونۇشتۇرۇپ، خەلقىمىزنىڭ ساپاسىنى ئىلىم ئىگىلىكىگە توغرىلاش ئۈچۈن پىداكار خىزمەت قىلىدۇ. مانا قارىمامىز، بۇ يىلقى ساندىرىمىز جانانە ئىچىدە ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ، تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەددى مەسىلىلەرنى يورتۇشتا خەلقنىڭ كۆيسىدىغان يېرىگە ئاردى. بىزى ماقالىلىرىنى ھەتتا كىشىلەر كۆڭلىيە قىلىپ گۆھەردەك قەدىرلەپ كېتمەكتە. بىزگە كېلىۋاتقان خەتلەردە ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ئەمما بىز يەنىلا بىلەن [illegible] ژۇرنىلىمىز [illegible] سۈپەتلىرىنى ئىلمىلىك، ئوقۇشچانلىقى، ھەممىباپلىقى جەھەتلەردە [illegible] وقۇيدىغان بىر ئاممىۋى ژۇرنال قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمىز. ئەپسۇسكى [illegible] پىلانلانغان مول بىلىم كارتىنلىرىنى بىلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇ مۇنا [illegible] لىرى بولسا بىزگە يوللاپ بېرىشنى ھەمدە ژۇرنىلىمىزنىڭ ئەھۋالى [illegible]

ئادرېسى: ئۈرۈمچى ئالتۇن يولى ئاخباراتچىلار سارىيى 9 ـ قەۋەت [illegible] تەھرىراتى
دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65 [illegible] پوچتا نومۇرى: 830002
مۇشتىرى قوبۇل قىلىش نومۇرى: 137 ـ 58 تېلېفون : 8552273 يەككە باھاسى 4.00 يۈەن